ئەبى ئىيسا مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا تىرمىزى

مختصر

# الشمائل المحمدية

للإمام أبي عيسى محمد بن عيسى الترمذي

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە ئالاھىدىلىكلىرى

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە ئالاھىدىلىكلىرى

تەھقىقلىگۈچى: دوكتۇر ئەنس ئىبنى تاھىر

ئەسلى مۇئەللىپى:

مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا ئىبنى سەۋرە تىرمىزى

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد جانبازى

# كىرىش سۆز

بارلىق گۈزەل مەدھىيە ۋە سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر . بىز ئۇ ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىمىز ، ياردەم تىلەيمىز ، مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز . ئاللاھقا سېغىنىپ نەپسىمىزنىڭ يامانلىقى ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز . ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا ئۇنى ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ ، كىمنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە قويىۋەتسە ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. دۇئا ، دۇرۇت ۋە سالاملار ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئۈلگە بولسۇن ئۈچۈن يوللىغان پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇ زاتنىڭ يولىغا ئەگەشكەن ساھابىلار، سىددىقلار ۋە بۇ دىن كەلىمىسىنىڭ ئالى بولۇشى يولىدا شېھىت بولغان شېھىتلارغا بولسۇن.

ھۆرمەتلىك كىتابخان: قولىڭىزدىكى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە ئالاھىدىلىكلىرى » « مختصر الشمائل المحمدية » ناملىق بۇ كىتاب ئىمام ئەبۇ ئىيسا مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا تىرمىزىينىڭ ( ھىجرىيە 209. يىلى

تۇغۇلـۇپ 279. يىلـى ۋاپـات بولغـان ) شـۇ نـاملىق كىتاۋنىـڭ قىسقارتىلمىسـى يـاكى جەۋھەرلـىرى بولـۇپ بـۇ كىتـاپ ئىمـام تىرمىزىينىڭ بىرگىچە يېتىپ كەلگەن ئۈچ كىتاۋنىڭ بىرىدۇر. بۇ كىتاپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى ، يارىتىلىش ئالاھىدىلىكى ، ئىبادەت ، تۇرمۇش ۋە ئادەتلىرىدىن تارتىپ ئۇ زاتنىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇ زاتنى چۈشىدە كۆرۈشكە قەدەر بولغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن 400 دىن كۆپرەك ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ كىشىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ناھايىتى ياخشى ۋە مەنىلىك خىزمەت قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرىدۇر دەپ كۆرسىتىدۇ .

يۇقىرىدىكى سەۋەپلەر تۈپەيلى ئۆلىمالار مەزكۇر كىتاپقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ نۇرغۇن شەرھى ، ئوبزور ۋە نەزمىلەرنى يازغان ۋە قىسقارتقان . بۇ كىتاپنى قىسقارتقانلارنىڭ بىرى ھەدىسشۇناس دەۋرنىڭ مۇجەددىدى (يېڭىلىغۇچىسى) ئوبزورچى مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانىيدۇر . ئەلبانى بۇ كىتاپتىكى ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ، ئوقۇغۇچى كىتاپخانلارغا بۇ ئۇلۇق كىتاپتىن پايدىلىنىش ئىمكانى بەرگۈدەك دەرىجىدە تۈرگە ئايرىغان. ئارقىدىن شەيخ دوكتۇر ئەنەس ئىبنى تاھىر مەزكۇر ئەسەرنىڭ سەھىھ ۋە ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسلىرىنى ئايرىش خىزمىتىگە كىرىشكەن . چۈنكى بۇ، ئەلبانى ئۆمۈر بويى نىشانلاپ ۋە خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن ئۈممەتكە سەھىھ سۈننەتنى

تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت نىشان ئىدى . ئىشارەت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىمام تىرمىزىينىڭ (شەمائىلۇننەبەۋىييە) دېگەن بۇ ئەسىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە توپلانغان ئەڭ مەنپەئەتلىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما مۇئەللىپ مەزكۇر ئەسەردە سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن زەئىپ ۋە بەكلا زەئىپ ھەدىسلەرنى - شارائىت تۈپەيلى بولسا كېرەك - ئارلاشتۇرۇپ قويغان . ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بېرىشى بىلەن ھەدىسشۇناس ئىمام مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانى (ھىجرىيە 1420. يىلى ۋاپات بولغان) بۇ كىتاپتىكى ھەدىس تۈرلىرىنى ئايرىپ، سەھىھ بىلەن زەئىپلىرىنى ئايرىم-ئايرىم بايان قىلغان ۋە كىتاپقا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە ئالاھىدىلىكلىرى) دېگەن ئىسىمنى قويغان. بەزىدە ھەدىسلەرنىڭ سەنەدى، بەزىدە ھەدىسلەرنىڭ مەنىلىرىگە ئالاقىدار ئىزاھاتلارنى بەرگەن. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئەللىك ئەتراپىدا كېلىدىغان زەئىپ ۋە بەكلا زەئىپ ھەدىسنى بۇ قىسقارتىلمىنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ قويۇشى سەھىھ ھەدىس دېگەن نىمە؟ زەئىپ ھەدىسچۇ ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى بىلەلمەيدىغان ئاۋام ئوقۇرمەنلەر بىلەن بۇ كىتاپ ئارىسىدا بىر توساق پەيدا قىلغان. يەنە شۇنىڭدەك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بىلمەكچى، ئۆزىگە ئۈلگە قىلماقچى بولغان ئەمما ھەدىس ئىلمىدىن نەسىۋىسى بولمىغان نۇرغۇن مۇسۇلمانلارغا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ تۇيۇلىدىغان ھەدىسنىڭ تەخرىيجىگە ئالاقىدار

ئىزاھاتلار ھەم بۇ كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، دوكتۇر ئەنەس ئىبنى تاھىر مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئەلبانى قىسقارتقان نۇسخىسىنى يەنە بىر قېتىم تۈزەندىكى شەكىلدە رەتلىگەن:

1. زەئىپ ۋە بەكلا زەئىپ ھەدىسلەرنى ئايرىپ، كىتاپتىن چىقىرىپ تاشلىغان.

2. ھەدىسلەرنىڭ تەخرىيجى (قايسى كىتاپتا، قايسى باپتا كەلگەنلىكى) نى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ياكى ئىككىيلەننىڭ بىرى، ياكى باشقىلار رىۋايەت قىلغان دەپ ئىخچام قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان. بەزى جايلاردا ھەدىسنىڭ ماۋزۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بايان قىلغان.

3. كۆپ ھاللاردا ئەلبانى بايان قىلغان ھەدىس مەتنىنىڭ مەنىسىنى ئەسلى پېتى ساقلاپ قالغان .

4 . سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن ھەر بىر ھەدىسكە بىر - بىرلەپ نۇمۇر قويغان.

5 . ئەلبانى بايان قىلغان ھەر بىر ھەدىسنى مەنبەسى ئەڭ مەشھۇر ھەدىس كىتابىغا تەئەللۇق قىلغان، مەسىلەن بىر ھەدىسنى بۇخارى مۇسلىم نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان بولسا ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم سەھىھلىكىدە بىرلىككە كەلگەن دېگەن مەنىدىكى «بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس » دېگەن ئىپادە بىلەن كۆپايىلەنگەن.

6 . بىرلىككە كېلىنگەن ياكى بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ بىرسىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولسا سەھىھلىكتە يۇكسەك ئورۇن

تـۇتقىنى ئۈچـۈن ئـۇ ھەدىســنىڭ دەرىجىســنى بايــان قىلىــپ يۈرمىگەن .

7. يۇقىرىقىدەك ئەمگەكلىرى بىلەن  دوكتۇر ئەنىس ئىبنى تاھىر شــەرئى ئىلىــم ۋە ھەدىس ئىلمــى بىــلەن شــوغۇللانمايدىغان ھەر قايىســى ســاھەدىكى ئــاۋام ئوقۇرمەنلەرنىــڭ ئوقــۇپ چۈشىنىشــىگە توســـقۇنلۇق قىلىـــدىغان مەســـىلىلەرنى چىقىرىـــپ تاشـــلاش ئارقىلىق بۇ كىتاپنى ئاممىباپ ۋە ھەممە مەنپەئەلىنەلىگۈدەك قىلىشـــتىن ئىبـــارەت نىشـــانىغا يەتـــكەن. بـــۇ كىتاپنىـــڭ ئۆلىمالىرىمىز مەقسەت قىلغىنىدەك :

﴿لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ [الأحزاب 33 | الآية: 21]

سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئـاللاھنى كـۆپ يـاد ئەتكەنـلەرگە ــ رەسـۇلۇللاھ ئەلـۋەتتە ياخشـى ئۈلگىــدۇر. [سۈرە ئەھزاب 21. ئايەت . ]

دىگەن ئايەتكە مـاس ھالـدا بـارلىق مۇسـۇلمانلارنىڭ رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدە بار ئىسىل ئەخلاقلار ۋە ئالىجاناپ ئالاھىدىلىكلەرنى  تونۇشى ئۈچۈن يېتەكچى كىتاپ بولۇشىنى، بـۇ تونۇشــنىڭ مۇســۇلمانلارنى رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسـەللەمنىڭ كۆرسەتمىســى بــويىچە ئــش تۇتــۇش، ئەخلاقىنــى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈش، روھىنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلىشقا ئىلىپ

بىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئاللاھنىڭ بۇ كىتاپنىڭ ئەسلى مۇئەللىپى ئىمام تىرمىزىغا، قىسقارتقۇچىلىرىغا، شۇ قاتاردا كەمىنە تەرجىمە قىلغۇچىغا، ھەر قايسى جەھەتلەردىن ھەمدەمدە بولغۇچىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرگە ئەجىر ۋە موكاپاتلىرىنى ھەسسىلەپ بىرىشىنى تىلەيمەن .

مۇھەممەد جانبازى

1439. يىل 4 . شەئبان جۈمە

2018 . يىل 4 . ئاينىڭ 23. كۈنى

# بسم الله الرحمن الرحيم

## رەسۇلۇللاھنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ۋە چىراي شەكلى ھەققىدە

1. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ يَقُولُ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيْسَ بِالطَّوِيلِ الْبَائِنِ، وَلاَ بِالْقَصِيرِ، وَلاَ بِالأَبْيَضِ الأَمْهَقِ، وَلاَ بِالآدَمِ، وَلاَ بِالْجَعْدِ الْقَطَطِ، وَلاَ بِالسَّبْطِ، بَعَثَهُ اللَّهُ تَعَالَى عَلَى رَأْسِ أَرْبَعِينَ سَنَةً، فَأَقَامَ بِمَكَّةَ عَشْرَ سِنِينَ، وَبِالْمَدِينَةِ عَشْرَ سِنِينَ، وَتَوَفَّاهُ اللَّهُ تَعَالَى عَلَى رَأْسِ سِتِّينَ سَنَةً، وَلَيْسَ فِي رَأْسِهِ وَلِحْيَتِهِ عِشْرُونَ شَعَرَةً بَيْضَاءَ .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئۇزۇنتۇرا ئەمەس ۋە ياكى پاكارمۇ ئەمەس، ئاپئاقمۇ ئەمەس ۋە ياكى بۇغداي ئۆڭمۇ ئەمەس ئىدى. (چېچى) بەكلا چىگىك بۇدرە ۋە ياكى تۈپتۈز چاچ ئەمەس ئىدى. ئاللاھ ئۇ كىشىنى قىرىق ياشقا كىرىشكە پەيغەمبەر قىلىپ يوللىدى. (تەخمىنەن ئۈچ يىل مەخپىي دەئۋەت قىلىپ، ئۈچ يىللىق مەخپىي دەئۋەتتىن كېيىن، ئاشكارا دەئۋەتكە

ئۆتـۈپ) مەككـىـدە ئـون يــىـل، (ھىجـرەت قىلـىــپ) مەدىنىــدە ئـون يـىـل تـۇردى. ئـاللاھ ئـۇنى ئـاتمىش يېشـىـدا قەبـزى روھ قىلــدى. بېشــى ۋە ســاقىلىدا يىگــىرمە تــال ئــاق (چــاچ ـ ساقال) يوق ئىدى.[1]

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

2. عَـنْ أَنَـسِ بْـنِ مَالِـكٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ قَـالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ رَبْعَـةً، لَـيْسَ بِالطَّوِيـلِ وَلا بِالْقَصِـيرِ، حَسَـنَ الْجِسْـمِ، وَكَـانَ شَـعَرُهُ لَـيْسَ بِجَعْـدٍ، وَلا سَـبْطٍ أَسْـمَرَ اللَّـوْنِ، إِذَا مَشَى يَتَكَفَّأُ.

ئەنەس ئىبنــى مالــىك رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنــدۇ: ئــۇ مۇنــداق دېــگەن: رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئوتتــۇرا بــوي، بەك ئېگىزمــۇ ۋە يــا پاكــارمۇ ئەمەس، كېلىشــكەن زات ئېــدى. چېچــى بۇدرىمــۇ ئەمەس، ۋە يــا تۈپتۈزمــۇ ئەمەس ئىــدى. (ئــاقۇش) بۇغــداي ئۆڭلـۈك ئېـدى. ماڭغىنىــدا ئالــدىغا ســەنتۈرۈلۈپ (دۆڭــدىن پەسكە) چۈشكەندەك ماڭاتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

---

[1]. ھەدىسشۇناسلار بۇ يەردە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشقا سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن 63 ياشــنى 60 يــاش دېگەنلىكىنــى پــارچە ســاننى ھىســابقا ئالمىغــانلىقتىن بولغــان دەپ چۈشەندۈرىشىدۇ. ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

3.عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَجُلا مَرْبُوعًا، بَعِيدَ مَا بَيْنَ الْمَنْكِبَيْنِ، عَظِيمَ الْجُمَّةِ إِلَى شَحْمَةِ أُذُنَيْهِ الْيُسْرَى، عَلَيْهِ حُلَّةٌ حَمْرَاءُ، مَا رَأَيْتُ شَيْئًا قَطُّ أَحْسَنَ مِنْهُ .

وَفِي رِوَايَةٍ عَنِ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: مَا رَأَيْتُ مِنْ ذِي لِمَّةٍ فِي حُلَّةٍ حَمْرَاءَ أَحْسَنَ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، لَهُ شَعَرٌ يَضْرِبُ مَنْكِبَيْهِ، بَعِيدُ مَا بَيْنَ الْمَنْكِبَيْنِ، لَمْ يَكُنْ بِالْقَصِيرِ وَلا بِالطَّوِيلِ .

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئىگىزگە مايىل) ئوتتۇرا بوي، يەلكىسى كەڭ، چېچىنىڭ ئارقىسى (گەدىنى، يان چىكە چېچى) قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنى ياپقۇدەك دەرىجىدە بولۇق بىر كىشى ئىدى. ئۇچىسىغا بىر يۇرۇش قىزغۇچ تون كىيگەن بولۇپ، مەن ئۇ كىشىدىنمۇ چىرايلىق بىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئېدىم . بەرا ئىبنى ئازىبنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ چىرايلىقراق، قىزغۇچ تون كىيگەن، ئۇزۇن چاچلىق بىر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ كىشىنىڭ يەلكىسىگە تېگىپ تۇرىدىغان چېچى بار ئىدى. ئىككى يەلكىسى كەڭ ئىدى. پاكارمۇ، ئېگىزمۇ ئەمەس كىشى ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

4. عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: لَمْ يَكُنِ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِالطَّوِيلِ، وَلا بِالْقَصِيرِ، شَثْنُ الْكَفَّيْنِ وَالْقَدَمَيْنِ، ضَخْمُ الرَّأْسِ، ضَخْمُ الْكَرَادِيسِ، طَوِيلُ الْمَسْرُبَةِ، إِذَا مَشَى تَكَفَّأَ تَكَفُّؤًا، كَأَنَّمَا يَنْحَطُّ مِنْ صَبَبٍ، لَمْ أَرَ قَبْلَهُ، وَلا بَعْدَهُ مِثْلَهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ .

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، قول ۋە پۇت ئالقىنى چوڭ، بېشى يوغان، مەيدە تۈكلىرى ئۇزۇن، يول ماڭغاندا خۇددى دۆڭدىن پەسكە چۈشىۋاتقاندەك ئالدىغا ئېتىلىپ ماڭىدىغان كىشى ئىدى. مەن ئىلگىرى بولسۇن كېيىن بولسۇن ئۇ كىشىگە ئوخشاش (چىرايلىق، كېلىشكەن، ئوچۇق چىراي) بىر كىمنى كۆرۈپ باقمىدىم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

5. عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ضَلِيعَ الْفَمِ، أَشْكَلَ الْعَيْنِ، مَنْهُوسَ الْعَقِبِ قَالَ شُعْبَةُ: قُلْتُ لِسِمَاكٍ: مَا ضَلِيعُ الْفَمِ؟ قَالَ: عَظِيمُ الْفَمِ قُلْتُ: مَا أَشْكَلُ الْعَيْنِ؟ قَالَ: طَوِيلُ شِقِّ الْعَيْنِ قُلْتُ: مَا مَنْهُوسُ الْعَقِبِ؟ قَالَ: قَلِيلُ لَحْمِ الْعَقِبِ .

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم «زەلىيئۇل فەم» «ئەشكەلۇل ئەين» «مەنهۇسۇل ئەقىپ» ئىدى. (ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان) شۇئبە مۇنداق دەيدۇ: مەن (بۇ ھەدىسنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن) سىماك ئىبنى ھەربىكە: «زەلىيئۇلفەم» دېگەن نىمە ؟ دېسەم ئۇ: ئاغزى چوڭ (دېگەن گەپ) دېدى. «ئەشكەلۇلئەين» دېگەن نىمە؟ دېسەم كۆز چانىقى ئۇزۇن (دېگەن گەپ) دېدى. (بەزى ئۆلىمالار جۈملىدىن قازى ئىياز «ئەشكەلۇلئەين» سۆزىنى كۆزىنىڭ ئېقىغا ئارلىشىپ كەتكەن قىزىللىق دەپ چۈشەندۈرگەن) «مەنهۇسۇلئەقب» دېگەنچۇ؟ دېسەم ئۇ: تاپىنى ئىنچكە (دېگەن گەپ) دېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

6. عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي لَيْلَةٍ إِضْحِيَانٍ، وَعَلَيْهِ حُلَّةٌ حَمْرَاءُ، فَجَعَلْتُ أَنْظُرُ إِلَيْهِ وَإِلَى الْقَمَرِ، فَلَهُوَ عِنْدِي أَحْسَنُ مِنَ الْقَمَرِ.

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىر ئايدىڭ كېچىدە قىزىل تون كىيگەن ھالەتتە كۆرۈپ بىر رەسۇلۇللاھقا بىر ئايغا باقتىم. مىنىڭچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلۋەتتە ئايدىنمۇ بەك چىرايلىق ئىدى.

تىرمىزى «سۈنەنۇتتىرمىزىي» ئەلئەدەب بابىدا كەلتۈرگەن.

7. عَنْ أَبِي إِسْحَاقَ قَالَ: سَأَلَ رَجُلٌ الْبَرَاءَ بْنَ عَازِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَكَانَ وَجْهُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِثْلَ السَّيْفِ؟ قَالَ: لاَ، بَلْ مِثْلَ الْقَمَرِ.

ئەبى ئىسهاق رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ يۈزى قىلىچقا ئوخشاشمىدى؟ دەپ سورىغان ئىدى ئۇ: ياق، (نۇرلۇقلۇق ۋە يۇمىلاقلىقتا) ئايغا ئوخشاش ئىدى دېگەن.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

8. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَبْيَضَ كَأَنَّمَا صِيغَ مِنْ فِضَّةٍ رَجِلَ الشَّعْرِ.

ئەبى هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ خۇددى كۈمۈشتىن قۇيۇلغاندەك ئاق، چاچلىرى تۈز كىشى ئىدى.

مۇئەللىپ رىۋايەت قىلغان

9. عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: عُرِضَ عَلَيَّ الأَنْبِيَاءُ، فَإِذَا مُوسَى عَلَيْهِ السَّلاَمُ، ضَرْبٌ مِنَ الرِّجَالِ، كَأَنَّهُ مِنْ رِجَالِ شَنُوءَةَ، وَرَأَيْتُ عِيسَى بْنَ مَرْيَمَ عَلَيْهِ السَّلاَمُ، فَإِذَا أَقْرَبُ مَنْ رَأَيْتُ بِهِ شَبَهًا عُرْوَةُ بْنُ مَسْعُودٍ، وَرَأَيْتُ إِبْرَاهِيمَ عَلَيْهِ

السَّلامُ، فَإِذَا أَقْرَبُ مَنْ رَأَيْتُ بِـهِ شَبَهًا صَاحِبُكُمْ، يَعْـنِي نَفْسَـهُ، وَرَأَيْتُ جِبْرِيلَ عَلَيْهِ السَّلامُ، فَإِذَا أَقْرَبُ مَنْ رَأَيْتُ بِهِ شَبَهًا دِحْيَةُ.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ (مىئراجدا ياكى چۈشىدە) ماڭا پەيغەمبەرلەرنى كۆرسەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام شەنۇئە قەبىلە[2] كىشىلىرىنىڭ تىپىدىكى بىر ئادەم ئىدى. ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم. ئۇ كىشىگە بەكرەك ئوخشايدىغان ئادەم ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم، ئۇ كىشىگە بەكرەك ئوخشايدىغان ئادەم سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (ئۆزىنى دېمەكچى) ئىدى. جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا بەكرەك ئوخشايدىغان ئادەم دىھيەتۇلكەلبى ئىدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

10. عَنْ أَبِي الطُّفَيْلِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: رَأَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَمَا بَقِيَ عَلَى وَجْهِ الأَرْضِ أَحَدٌ رَآهُ غَيْرِي، قُلْتُ: صِفْهُ لِي، قَالَ: كَانَ أَبْيَضَ مَلِيحًا مُقَصَّدًا.

ئەبۇتتۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى

[2]. يەمەندىكى بىر قەبىلە بولۇپ ئادەملىرى ئورۇقمۇ ئەمەس سېمىزمۇ ئەمەس بولۇش بىلەن مەشھۇر ئىدى. شەنۇئە نىڭ ئەسلى مەنىسى يىراق دېمەكتۇر.

كۆرگەن. يەر يۈزىدە مەندىن باشقا رەسۇلۇللاھنى كۆرگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى دېدى. (رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ ) مەن: ماڭا رەسۇلۇللاھنى تەسۋىرلەپ بەرسىڭىز دېسەم ئۇ: رەسۇلۇللاھ ئاق، يېقىملىق، كېلىشكەن كىشى ئىدى دېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 2. پەيغەمبەرلىك تامغىسى ھەققىدە

**11. عَنِ السَّائِبِ بْنَ يَزِيدَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: ذَهَبَتْ بِي خَالَتِي إِلَى النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللهِ، إِنَّ ابْنَ أُخْتِي وَجِعٌ فَمَسَحَ رَأْسِي وَدَعَا لِي بِالْبَرَكَةِ، وَتَوَضَّأَ، فَشَرِبْتُ مِنْ وَضُوئِهِ، وَقُمْتُ خَلْفَ ظَهْرِهِ، فَنَظَرْتُ إِلَى الْخَاتَمِ بَيْنَ كَتِفَيْهِ، فَإِذَا هُوَ مِثْلُ زِرِّ الْحَجَلَةِ**

سائىب ئىبنى يەزىدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھاممام مېنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، قىز قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى كېسەلچان دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ، ماڭا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى ۋە تاھارەت ئالدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارەت سۈيىدىن ئىچتىم. ئارقىسىغا

ئۆتـۈپ ئـىككـى تـاغـىقى ئارىسـىدىكى بەلگـىگە قارىـدىم. ئـۇ بەلگە كەكلىكنىڭ تۇخۇمىچىلىك ئىدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

12. عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْـهُ قَـالَ: رَأَيْـتُ الْخَـاتَـمَ بَـيْنَ كَتِفَـيْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ غُدَّةً حَمْرَاءَ، مِثْلَ بَيْضَةِ الْحَمَامَةِ.

جـابىر ئىبنـى سـەمۇرە رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇدىن رىـۋايەت قىلىنـىدۇ: ئـۇ مۇنـداق دېـگەن: مەن رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەمنىڭ ئىككـى تـاغـىقى ئارىسـىدىكى پەيغەمبەرلىـك تامغىسـىنىڭ كەپـتەر تۇخۇمىچىلىـك كېلىـدىغان قىزغـۇچ بىـر پـارچە ئۆسـۈكچە (گۆش) ئىكەنلىكىنى كۆردۇم.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

13. عَنْ رُمَيْثَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلَّمَ وَلَوْ أَشَاءُ أَنْ أُقَبِّلَ الْخَـاتَـمَ الَّـذِي بَـيْنَ كَتِفَيْـهِ مِنْ قُرْبِـهِ لَفَعَلْتُ يَقُولُ لِسَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ يَوْمَ مَاتَ: اهْتَزَّ لَهُ عَرْشُ الرَّحْمَنِ.

رۇمەيسـە رەزىيەللاھـۇ ئەنهـادىن رىـۋايەت قىلىنـىدۇ: رۇمەيسـە مۇنـداق دېـگەن: ـ مەن رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەمنىڭ ئىككـى تـاغـىقى ئارىسـىدىكى پەيغەمبەرلىـك تامغىسـىنى سۆيۈشـىنى خالىسـام

رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىنلىقىدىن سۆيەلەيتتىم ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئىد ئىبنى مۇئاز ۋاپات بولغان كۈنى ئۇنىڭ ئۇچۈن «رەھمان تەئالانىڭ (مەخلۇقلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈكى بولغان) ئەرشى لەرزىگە كەلدى» دېگەن ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

14. عَنْ أَبِي زَيْدٍ عَمْرِو بْنِ أَخْطَبَ الأَنْصَارِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: يَا أَبَا زَيْدٍ، ادْنُ مِنِّي فَامْسَحْ ظَهْرِي، فَمَسَحْتُ ظَهْرَهُ، فَوَقَعَتْ أَصَابِعِي عَلَى الْخَاتَمِ قُلْتُ: وَمَا الْخَاتَمُ؟ قَالَ: شَعَرَاتٌ مُجْتَمِعَاتٌ.

ئەبۇ زەيد ئەمر ئىبنى ئەختەب ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەبۇ زەيد، بېرى كېلىپ دۈمبەمنى سىلىغىن دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ زاتنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدىم. بارماقلىرىم پەيغەمبەرلىك تامغىسىغا تەگدى. (رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ) مەن تامغىسى دېگەن نىمە؟ دېسەم ئەبۇ زەيد: رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىقىدىكى (پەيغەمبەرلىك تامغىسى ئۇستىدىكى) قويۇق تۈكلەر دېدى.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى سەئىد، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىملار رىۋايەت قىلغان

15. عَن أَبِي بُرَيْدَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: جَاءَ سَلْمَانُ الْفَارِسِيُّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حِينَ قَدِمَ الْمَدِينَةَ بِمَائِدَةٍ عَلَيْهَا رُطَبٌ، فَوَضَعَهَا بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: يَا سَلْمَانُ مَا هَذَا؟ فَقَالَ: صَدَقَةٌ عَلَيْكَ وَعَلَى أَصْحَابِكَ، فَقَالَ: ارْفَعْهَا، فَإِنَّا لَا نَأْكُلُ الصَّدَقَةَ، قَالَ: فَرَفَعَهَا، فَجَاءَ الْغَدَ بِمِثْلِهِ، فَوَضَعَهُ بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: مَا هَذَا يَا سَلْمَانُ؟ فَقَالَ: هَدِيَّةٌ لَكَ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِأَصْحَابِهِ: ابْسُطُوا ثُمَّ نَظَرَ إِلَى الْخَاتَمِ عَلَى ظَهْرِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَآمَنَ بِهِ، وَكَانَ لِلْيَهُودِ فَاشْتَرَاهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِكَذَا وَكَذَا دِرْهَمًا، عَلَى أَنْ يَغْرِسَ لَهُمْ نَخْلا، فَيَعْمَلَ سَلْمَانُ فِيهِ حَتَّى تُطْعِمَ، فَغَرَسَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ النَّخلَ إِلَّا نَخْلَةً وَاحِدَةً، غَرَسَهَا عُمَرُ فَحَمَلَتِ النَّخْلُ مِنْ عَامِهَا وَلَمْ تَحْمِلْ نَخْلَةٌ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَا شَأْنُ هَذِهِ النَّخْلَةِ؟ فَقَالَ عُمَرُ: يَا رَسُولَ اللهِ، أَنَا غَرَسْتُهَا، فَنَزَعَهَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَغَرَسَهَا فَحَمَلَتْ مِنْ عَامِهَا.

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: سەلمان فارىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگىنىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا خورما قويۇلغان بىر داستىخاننى ئېلىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا قويدى. رەسۇلۇللاھ:

سەلمان، بۇ نىمە؟ دېدى. سەلمان: سىلىگە ۋە ساھابىلىرىڭغا سەدىقە دېۋىدى رەسۇلۇللاھ: ئۇنى كۆتۈر، بىز سەدىقە يىمەيمىز دېدى. سەلمان ئۇنى ئېلىپ كېتىپ، ئەتىسى يەنە شۇنداق بىر داستىخاننى ئېلىپ كەلدى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا قويدى، رەسۇلۇللاھ: سەلمان، بۇ نىمە؟ دېۋىدى سەلمان: سىلىگە ھەدىيە دېدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلارغا: ئازادە بېقىڭلار ـ دېدى. ئاندىن سەلمان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۈمبىسىدىكى پەيغەمبەرلىك تامغىسىغا قاراپ رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتتى. سەلمان يەھۇدىيلارغا مەنسۇپ (بىر قۇل) ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەلماننى (يەھۇدىيلار ئۈچۈن) رەسۇلۇللاھ خورما كۆچتى تىكىپ بېرىدىغان، سەلمان شۇ كۆچەتلىكتە خورما مېۋىگە كىرگەنگە قەدەر ئىشلەپ بېرىدىغان (ئاندىن ئۇ ئازات قىلىنىدىغان) شەرت بىلەن مەلۇم مىقداردا دىرھەمگە سېتىپ ئالدى. كۆچەتلەرنىڭ ھەممىنى رەسۇلۇللاھ تىكتى. پەقەت بىر تال كۆچەتنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىككەن ئىدى، ھەممە كۆچەت شۇ يىلىلا مېۋە بېرىپ، ھېلىقى بىر تۈپ كۆچەت مېۋە بەرمىدى. رەسۇلۇللاھ: بۇ خورما كۆچىتىگە نىمە بولغاندۇ ؟ ! دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئۇنى مەن تىككەن ئىدىم دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ كۆچەتنى قومۇرۇپ ئۆزى (قايتا) تىكتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆچەت شۇ يىلىلا مېۋىگە كىردى.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىملار رىۋايەت قىلغان

16. عَـنْ أَبِي نَضْـرَةَ الْعَـوَقِيِّ قَـالَ: سَـأَلْتُ أَبَـا سَـعِيدٍ الْخُـدْرِيَّ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ عَـنْ خَـاتَمِ رَسُـولِ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ يَعْـنِي خَـاتَمَ النُّبُوَّةِ، فَقَالَ: كَانَ فِي ظَهْرِهِ بَضْعَةٌ نَاشِزَةٌ.

ئەبۇ نەزرە ئەۋەقىيدىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ سەئىدىلخۇدرىيدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تامغىسى يەنى پەيغەمبەرلىك تامغىسى ھەققىدە سورىغان ئىدىم ئۇ: رەسۇلۇللاھنىڭ دۈمبىسىدىكى ئازراق كۆپكەن (جاي) ئىدى دېدى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

17. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ سَرْجِسَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ فِي نَاسٍ مِنْ أَصْحَابِهِ، فَدُرْتُ هَكَذَا مِنْ خَلْفِهِ، فَعَرَفَ الَّذِي أُرِيدُ، فَأَلْقَى الرِّدَاءَ عَنْ ظَهْرِهِ، فَرَأَيْتُ مَوْضِعَ الْخَاتَمِ عَلَى كَتِفَيْهِ مِثْلَ الْجُمْعِ حَوْلَهَا خِيلانٌ، كَأَنَّهَا ثَآلِيلُ، فَرَجَعْتُ حَتَّى اسْتَقْبَلْتُهُ، فَقُلْتُ: غَفَرَ اللَّهُ لَكَ يَا رَسُولَ اللهِ، فَقَالَ: وَلَكَ فَقَالَ الْقَوْمُ: أَسْتَغْفَرَ لَكَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ؟ فَقَالَ: نَعَمْ، وَلَكُمْ، ثُمَّ تَلا هَذِهِ الآيَةَ ﴿وَاسْتَغْفِرْ لِذَنْبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ﴾.

ئابدۇللا ئىبنى سەرجىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كەلدىم. رەسۇلۇللاھ بىر

تۇركۇم ساھابىلەر بىلەن بىرگە ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدىن ئايلانغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ مېنىڭ نىيىتىمنى چۈشىنىپ رىداسىنى سالدى. رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىقىدىكى پەيغەمبەرلىك تامغىسىنى ئورنىنى ئالقانىدىكى ئويمان جايچىلىك كېلىدىغان، ئەتراپىدا سۆگەللەرگە ئوخشاش مەڭلەر بار ھالەتتە كۆردۇم. مەن يېنىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدى تەرەپكە كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ سىلىنى كەچۈرسۇن دېسەم رەسۇلۇللاھ: سېنىمۇ (ئاللاھ كەچۈرسۇن) دېدى. (ئابدۇللاھ ئىبنى سەرجىس يۇقىرىدىكى ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەندە ئاڭلىغان) كىشىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى سەرجىسكە: رەسۇلۇللاھ سېنىڭ (گۇناھلىرىڭ) ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىدىمۇ؟ دېيىشكەن ئىدى ئۇ: شۇنداق، سىلەرگىمۇ (مەغپىرەت تىلىدى) دېدى ۋە ئارقىدىن :

﴿وَاسْتَغْفِرْ لِذَنْبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ﴾

«سەن ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىڭ ۋە مۆئمىن ئەر- ئاياللارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن»

سۇرە مۇھەممەد 19. ئايەت

دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى.[3]

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

[3]. يەنى رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ ئايەتتىكى بۇيرۇقى بويىچە ئايەتكە ئەمەل قىلىپ سىلەر ئۈچۈنمۇ مەغپىرەت تىلىگەن دېدى.

# 3. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچى ھەققىدە

18. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ شَعْرُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَى نِصْفِ أُذُنَيْهِ .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچى ئىككى قۇلىقىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان.

19. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كُنْتُ أَغْتَسِلُ أَنَا وَرَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ إِنَاءٍ وَاحِدٍ، وَكَانَ لَهُ شَعَرٌ فَوْقَ الْجُمَّةِ، وَدُونَ الْوَفْرَةِ .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر تەشتەكتىن (سۇ ئېلىپ) غۇسلى قىلىدىغان ئىدۇق. رەسۇلۇللاھنىڭ چېچى يەلكە (گە چۈشۈش) تىن سەل قىسقىراق، قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىدىن ئۇزۇنراق ئىدى.

تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

20. عَــنْ أُمِّ هَــانِئٍ بِنْــتِ أَبِي طَالِــبٍ رَضِــيَ اللهُ عَنْهــا قَالَــتْ: قَــدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَكَّةَ قَدْمَةً ، وَلَهُ أَرْبَعُ غَدَائِرَ .

ئۇممۇ هانىئىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە بىر قېتىم كەلگەندە تۆت تال ئۆرۈمە چېچى بار هالدا، (يەنە بىر رىۋايەتتە) تۆت دانە كوكۇلىسى بار هالدا كەلگەن ئىدى.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

21. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يُسْدِلُ شَعَرَهُ، وَكَانَ الْمُشْرِكُونَ يَفْرِقُونَ رُؤُوسَهُمْ ، وَكَانَ أَهْلُ الْكِتَابِ يُسْدِلُونَ رُؤُوسَهُمْ ، وَكَانَ يُحِبُّ مُوَافَقَةَ أَهْلِ الْكِتَابِ فِيمَا لَمْ يُؤْمَرْ فِيهِ بِشَيْءٍ ، ثُمَّ فَرَقَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَأْسَهُ .

ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىنى تەبئىي قويۇپ بېرەتتى. مۇشرىكلار چاچلىرىنى ئايرىپ تارىشاتتى. ئەهلى كىتاب چاچلىرىنى تەبئىي قويۇپ بېرەتتى. رەسۇلۇللاھ ئاللاھ تەرەپتىن بۇيرۇلغان بىر ئىش بولمىسلا ئەهلى كىتاپقا ئۇيغۇنلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. كېيىنچە ئۇ زات چېچىنى ئايرىپ تارىغان ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

# 4. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاچ تارىشى ھەققىدە

22. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كُنْتُ أُرَجِّلُ رَأْسَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَنَا حَائِضٌ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەيىزدار ھالەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنى تاراپ قوياتتىم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

23. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: إِنْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيُحِبُّ التَّيَمُّنَ فِي طُهُورِهِ إِذَا تَطَهَّرَ، وَفِي تَرَجُّلِهِ إِذَا تَرَجَّلَ، وَفِي انْتِعَالِهِ إِذَا انْتَعَلَ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالغىنىدا، چاچ ساقاللىرىنى تارىغىنىدا، ئاياق كىيىم كىيگىنىدە ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى.[4]

بۇخارى ۋە مۇسلىم ئازراق پەرىقلىق رىۋايەت قىلغان

[4]. مەسجىدكە كىرىش، يەپ ئىچىش، كۆرۈشۈش، ئېلىش بېرىش، كىيىم كېيىش قاتارلىق ھۆرمەت تۇرىدىكى پۈتۈن ئىشلاردا ئوڭدىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە خالاغا كىرىش، مەسجىددىن چىقىش، تازىلىنىش، بۇرنىنى تاشلاش... قاتارلىق ئىشلاردا بولسا سولدىن باشلايتتى.

24. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مُغَفَّلٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عنِ التَّرَجُّلِ إِلَّا غِبًّا .

ئابدۇللا ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ دائىم چاچ تاراپ يۇرۇشتىن نەھىي قىلغان ئىدى.

ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى رىۋايەت قىلغان

## 5. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاچ ساقىلىدىكى ئاق ھەققىدە

25. عَنْ قَتَادَةَ قَالَ: قُلْتُ لِأَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ : هَلْ خَضَبَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ؟ قَالَ: لَمْ يَبْلُغْ ذَلِكَ. إِنَّمَا كَانَ شَيْبًا فِي صُدْغَيْهِ وَلَكِنْ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ خَضَبَ بِالْحِنَّاءِ وَالْكَتَمِ .

قەتادەدىن رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىنى بويىغانمىدى ؟ دېسەم ئەنەس: رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا (بوياش دەرىجىسىگە ياكى بويىغۇدەك ياشقا) يەتمىگەن، پەقەتلا ئىككى چېكىسىدە ئاق بار ئىدى. لېكىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چېچىنى خىنە ۋە كەتەم (ئارلاشمىسى) بىلەن بويىغان ئىدى دېدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان، بۇخارىيدا ئەبۇبەكرى زىكرى قىلىنمىغان

26. عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: مَا عَدَدْتُ فِي رَأْسِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَلِحْيَتِهِ ، إِلَّا أَرْبَعَ عَشْرَةَ شَعَرَةً بَيْضَاءَ .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنەس مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچى ۋە ساقىلىدا پەقەت ئون تۆت تاللا ئاقنى سانىغان ئىدىم.

بۇخارى ۋە ئىبنى ماجە بىر ئاز پەرىق بىلەن رىۋايەت قىلغان

27. عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ قَالَ: سَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ سَمُرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَقَدْ سُئِلَ عَنْ شَيْبِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: كَانَ إِذَا دَهَنَ رَأْسَهُ لَمْ يُرَ مِنْهُ شَيْبٌ ، وَإِذَا لَمْ يَدْهِنْ رُئِيَ مِنْهُ شَيْءٌ .

سىماك ئىبنى ھەربدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن جابىر ئىبنى سەمۇرەنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ چاچ ساقىلىدىكى ئاق ھەققىدە سورالغان سوئالغا مۇنداق جاۋاپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: رەسۇلۇللاھ چېچىنى مايلىسا ئاق بىلىنمەيتتى. مايلىمىغاندا بولسا بىر ئاز ئاقلىق بىلىنەتتى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

يەنە بىر رىۋايەتتە: رەسۇلۇللاھنىڭ چېچىدا (چاچ تارىغاندا) ئايرىيدىغان يەردىكى بىر نەچچە تالنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئاق يوق ئىدى. بۇ ئاقلارنى مايلىسا ماي يېپىپ كېتەتتى دېيىلگەن.

28. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: إِنَّمَا كَانَ شَيْبُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَحْوًا مِنْ عِشْرِينَ شَعَرَةً بَيْضَاءَ.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاق چېچى پەقەت يىگىرمە تال ئەتراپىدا ئىدى.

ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

29. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: يَا رَسُولَ اللهِ، قَدْ شِبْتَ، قَالَ: شَيَّبَتْنِي هُودٌ، وَالْوَاقِعَةُ، وَالْمُرْسَلاتُ، وَعَمَّ يَتَسَاءَلُونَ، وَإِذَا الشَّمْسُ كُوِّرَتْ.

ئىبنى ئاBباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھقا: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، چاچلىرى ئاقىرىپتۇ؟! دېگەن ئىدى رەسۇلۇللاھ: مېنىڭ چېچىمنى ھۇد، ۋاقىئە، مۇرسەلات، ئەممە يەتەسائەلۇن، ئىزەششەمسۇ كۇۋۋىرەت سۈرىلىرى (بۇ سۈرىلەردىكى قىيامەت تەسۋىرلىرى) ئاقارتىۋەتتى دېدى.[5]

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە، ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان

[5]. يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ چېچىغا ئاق سالغىنى بىز ئاخىر زامان ئىنسانلىرى كەبى ماددى مەنپەئەتلەرنىڭ قولدىن كېتىشى، دۇنيادىن تېخىمۇ كۆپ ھوزۇر سۈرۈپ مەنپەئەتلىنىش ياكى قولدىن كەتكىنىگە ئېچىنىش، دەۋر مودىسىنى قوغلىشىش، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنىڭ ۋە ياكى قانداق جان بېقىشنىڭ غېمى بولماستىن بەلكى ئۇ سۈرىلەردىكى ئاخىرەت تەسۋىرى، ئاخىرەت غېمى، ئۇنىڭ دەھشىتى ئاقارتىۋەتتى دېگەن ئىدى.

30. عَنْ أَبِي جُحَيْفَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، نَرَاكَ قَدْ شِبْتَ. قَالَ: قَدْ شَيَّبَتْنِي هُودٌ وَأَخَوَاتُهَا.

ئەبى جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى قارىساق چاچلىرىڭغا ئاق كىرىپتۇ؟! دېيىشكەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مېنىڭ چېچىمنى سۈرە ھۇد ۋە شۇ تۈردىكى سۈرىلەر ئاقارتىۋەتتى دېدى.[6]

تەبەرانى رىۋايەت قىلغان

31. عَنْ أَبِي رِمْثَةَ التَّيْمِيّ تَيْمِ الرَّبَابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَتَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَمَعِي ابْنٌ لِي، قَالَ: فَأُرِيتُهُ، فَقُلْتُ لَمَّا رَأَيْتُهُ: هَذَا نَبِيُّ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعَلَيْهِ ثَوْبَانِ أَخْضَرَانِ، وَلَهُ شَعَرٌ قَدْ عَلاهُ الشَّيْبُ، وَشَيْبُهُ أَحْمَرُ.

---

[6]. بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇرئاننى ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، ئوقۇسا ھەقىقى تەپەككۇر بىلەن ئوقۇيدىغانلىقى، قۇرئاننى ئوقۇدىمۇ؟ دېسە ھەئە ـ دېيىش ئۈچۈن، ياكى ھازىرقى مەزھەپباز تەرەپباز، سىياسەتۋازلاردەك ئوقۇسا ئۆزىنىڭ مەسلەك، مەزھەپ ۋە ئېقىملىرى ئۈچۈن دەلىل ئىزلەپ، باشقىلارنى چۆكۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ھەقىقى مەنىپەئەت بەرگۈدەك دىرىجىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، مەنە ۋە دالالەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ، قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ئوزۇق بولغۇدەك دەرىجىدە ئوقۇيدىغانلىقى، رەسۇلۇللاھنى ئۆلگە قىلغان ھەر كىمنىڭ ھەم موشۇ شەكىلدە ئوقۇشى، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىشلىرىدىن ساۋاق ئېلىشى، قانداق قىلغاندا دوزاختىن قۇتۇلۇپ جەننەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ دېگەننى ئۆزىگە ئاساسى نىشان قىلىپ ئوقۇشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبى رىمسە تەيمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن بىر ئوغلۇمنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدىم. كىشىلەر ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرسىتىپ قويۇشتى. مەن ئۇ كىشىنى كۆرۈپلا: بۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر! دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى يېشىل تون كىيگەن بولۇپ، چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان، ئاق چاچلىرى قىزىل (رەڭدە بويالغان) ئىدى.

ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى رىۋايەت قىلغان

## 6. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاچ بويىغانلىقى ھەققىدە

32. عَنْ أَبِي رِمْثَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَعَ ابْنٍ لِي، فَقَالَ: ابْنُكَ هَذَا ؟، فَقُلْتُ: نَعَمْ، أَشْهَدُ بِهِ قَالَ: لَا يَجْنِي عَلَيْكَ وَلَا تَجْنِي عَلَيْهِ، قَالَ: وَرَأَيْتُ الشَّيْبَ أَحْمر.

قَالَ أَبُو عِيسَى: هَذَا أَحْسَنُ شَيْءٍ رُوِيَ فِي هَذَا الْبَابِ وَأَفْسَرُ، لِأَنَّ الرِّوَايَاتِ الصَّحِيحَةَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَمْ يَبْلُغِ الشَّيْبَ وَأَبُو رِمْثَةَ اسْمُهُ: رِفَاعَةُ بْنُ يَثْرِبِيٍّ التَّيْمِيُّ.

ئەبى رىمسە تەيمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن بىر ئوغلۇمنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدىم. رەسۇلۇللاھ: بۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ؟ دېدى. مەن: ھەئە، مەن شاھىد بولالايمەن دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭ گۇناھى ساڭا، سېنىڭ گۇناھىڭ ئۇنىڭغا يۈكلەنمەيدۇ دېدى. ئەبى رىمسە مۇنداق دەيدۇ: مەن (رەسۇلۇللاھنىڭ چېچىدىكى) ئاقلىقنىڭ قىزىل (بويالغان) ئىكەنلىكىنى كۆردۈم.

ئەبۇ ئىيسا تىرمىزى (مۇئەللىپ) مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىس موشۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ چۈشىنىشلىك ھەدىستۇر. چۈنكى سەھىھ رىۋايەتلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىغا ئاق كىرىش باسقۇچىغا يەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ... ئەبۇ رىمسەنىڭ ئىسمى رۇفائە ئىبنى يەسرەبى تەيمىيدۇر. [7]

ئەبۇ داۋۇد (بىر ئاز پەرىق بىلەن) ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

33 .عَنْ عُثْمَانَ بْنِ مَوْهَبٍ قَالَ: سُئِلَ أَبُو هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: هَلْ خَضَبَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ؟ قَالَ: نَعَمْ. قَالَ أَبُو عِيسَى:

[7]. بۇ ھەدىستە ئەسلى باپقا ئالاقىدار مەزمۇندىن سىرت ئاتىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئىسلامى ئولتۇرۇشلار، ئىلىم سورۇنلىرى، ئالىم- ئۆلىمالارنىڭ زىيارەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلۇق پائالىيەلەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئىلىم ۋە ئالىملار بىلەن مۇناسىۋەتىنى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ لازىملىقى، بۇنىڭ بالىلارنىڭ تەربىيەسىدە زور ئۇنۇم بېرىدىغان ئىش ئىكەنلىكى قاتارلىق مەزمۇنلار بار.

وَرَوَى أَبُـو عَوَانَـةَ هَـذَا الْحَـدِيثَ عَـنْ عُثْمَـانَ بْـنِ عَبْـدِ اللهِ بْـنِ مَوْهَـبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَقَالَ: عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْها.

ئوسـمان ئىبنـى مەۋھىبـتىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: ئـۇ مۇنـداق دېـگەن: بىـر ئـادەم ئەبـۇ ھـۇرەيرەدىن رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسـەللەمنىڭ چېچىنـى بويىغـانمۇ ؟ دەپ سورىغان ئىدى ئەبۇ ھۇرەيرە: ھەئە ـ دېدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ ئىيسا (مۇئەللىپ) مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ئەۋانە بۇ ھەدىسنى ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەۋھىبتىن رىۋايەت قىلىپ ئوسماننىڭ ئۇممۇ سەلىمەدىن رىۋايەت قىلغانلىقىنى دېگەن.

34. عَـنْ أَنَـسٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ قَـالَ: رَأَيْـتُ شَـعَرَ رَسُـولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَخْضُوبًا.

ئەنەس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: ئـۇ مۇنـداق دېـگەن: مەن رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنى بويالغان ھالدا كۆردۈم.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان.

35. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مُحَمَّدِ بْنِ عُقَيْلٍ قَالَ: رَأَيْتُ شَعْرَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عِنْدَ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ مَخْضُوبًا.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئۇقەيلدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ قېشىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بويالغان چېچىنى كۆردۈم .[8]

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى سەئىد رىۋايەت قىلغان

## 7. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈرمە تارتىشى ھەققىدە

**36. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: اِكْتَحِلُوا بِالإِثْمِدِ، فَإِنَّهُ يَجْلُو الْبَصَرَ، وَيُنْبِتُ الشَّعْرَ .**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاش سۈرمە سۈرۈڭلار، ئۇ كۆزنى روشەن قىلىپ تۈك ( كىرپىك) ئۈندۈرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

8. ئىمام نەۋەۋى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: خۇلاسە كالام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە چېچىنى بويىغان. بۇنى ئىبنى ئۆمەرنىڭ بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىسى كۆرسىتىدۇ. لېكىن كۆپ ۋاقىتلاردا بويىمىغان. رەسۇلىمىزنىڭ چېچىنى بويىغانلىقىنى كۆرگەنلەر بويىغان ئېدى دېسە، بويىمىغانلىقىنى كۆرگەنلەر كۆرگىنى بويىچە بويىمىدى دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەر كىم كۆرگىنىنى خەۋەر قىلغان. ھەممىسى راست گەپ قىلغان.

37. عَنْ جَابِرِ ابْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: عَلَيْكُمْ بِالإِثْمِدِ عِنْدَ النَّوْمِ، فَإِنَّهُ يَجْلُو الْبَصَرَ، وَيُنْبِتُ الشَّعْرَ.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئۇخلاش ئالدىدا تاش سۈرمە تارتىشنى قولدىن بەرمەڭلار. تاش سۈرمە كۆزنى روشەن قىلىپ تۈك (كىرپىك) ئۈندۈرىدۇ.

ئەبۇ داۋۇد، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

38. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ خَيْرَ أَكْحَالِكُمُ الإِثْمِدُ، يَجْلُو الْبَصَرَ، وَيُنْبِتُ الشَّعْرَ.

ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ سۈرمىلىرىڭلارنىڭ ياخشىسى ئىسمەد (تاش سۈرمە) تۇر. ئۇ كۆزنى روشەن قىلىپ كىرپىك ئۈندۈرىدۇ.

ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

39. عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: عَلَيْكُمْ بِالإِثْمِدِ، فَإِنَّهُ يَجْلُو الْبَصَرَ، وَيُنْبِتُ الشَّعْرَ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: تاش سۇرمىنى سۇرۇپ تۇرۇڭلار. ئۇ كۆزنى روشەن قىلىپ كىرپىك ئۇندۇرىدۇ.[9]

ئىبنى ماجە، ھاكىم رىۋايەت قىلغان

# 8. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىيىم كېچىكى ھەققىدە

40. عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا، قَالَتْ: كَانَ أَحَبَّ الثِّيَابِ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْقَمِيصُ.

ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياقتۇرۇپ كېيىدىغان كېيىم يەكتەك (ئەرەنچە ئۇزۇن كۆينەك) ئىدى.

ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ۋە مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

[9]. ھازىرقى بەزىبىر تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، بازارلاردا سېتىلىۋاتقان بىر قىسىم سۈرمىلەرگە قوغۇشۇن، قېرىنداش قەلەم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېزىپ قوشۇۋېتىپ ساختىلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. بۇ ھالدا سۈرمە كۆزگە پايدا قىلماستىن ئەكسىچە زىيان قىلغان. شۇڭلاشقا ھەقىقى سۈرمە ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان ياخشى سۈرمىنى تاللاپ سېتىۋېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

41. عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ قُرَّةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ أَبِيهِ قُرَّةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي رَهْطٍ مِنْ مُزَيْنَةَ لِنُبَايِعَهُ، وَإِنَّ قَمِيصَهُ لَمُطْلَقٌ، أَوْ قَالَ: زِرُّ قَمِيصِهِ مُطْلَقٌ قَالَ: فَأَدْخَلْتُ يَدِي فِي جَيْبِ قَمِيصِهِ، فَمَسَسْتُ الْخَاتَمَ .

مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ دادىسى مۇنداق دېگەن: مەن مۇزەينە قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم ئادەملەر قاتارىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. رەسۇلۇللاھنىڭ يەكتىكى يېشىلگەن ئىدى.[10] ياكى «يەكتىكىنىڭ تۈگمىسى يېشىلگەن ئىدى» دېگەن. ئۇ (يەنە) مۇنداق دېگەن: مەن قولۇمنى يەكتەكنىڭ ياقا تەرىپىدىن كىرگۈزۈپ پەيغەمبەرلىكنىڭ تامغىسىنى سىلىدىم.

ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

42. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَرَجَ وَهُوَ يَتَّكِئُ عَلَى أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَعَلَيْهِ ثَوْبٌ قِطْرِيٌّ، قَدْ تَوَشَّحَ بِهِ، فَصَلَّى بِهِمْ .

---

[10]. بۇ بەزىلەرنىڭ قىلىپ يۈرگىنىدەك كېيىمنىڭ تۈگمىسىنى ئەتمەسلىك سۈننەت دېگەننى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى تۈگمىنى ئوچۇق ياكى ئېتىك تۇتۇش بىر ئىختىيارى مەسىلە بولۇپ، نورمالدا لازىم بولغاندا ئېتىپ قويۇلىدىغان، ئىسسىپ تەرلەپ كەتكەندە ئېچىپ قويسا بولىدىغان، سۈننەت ھېساپلانمايدىغان مۇباھ مەسىلىدۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم (ئاغرىپ قالغان چېغىدا) ئۇسامە ئىبنى زەيدكە يۆلىنىپ چىقىپ كەلدى. ئۇچىسىدا بىر قاتار [11] تونى بولۇپ، ئۇنى يېپىنچاقلىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلار بىلەن بىللە (ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ) ناماز ئوقۇدى.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان

43 . عَـنْ أَبِي سَـعِيدٍ الْخُـدْرِيِّ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ قَـالَ: كَانَ رَسُـولُ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ إِذَا اسْـتَجَدَّ ثَوْبًـا سَـمَّاهُ بِاسْـمِهِ عِمَامَـةً أَوْ قَمِيصًـا أَوْ رِدَاءً، ثُـمَّ يَقُـولُ: اللَّهُـمَّ لَـكَ الْحَمْـدُ كَمَـا كَسَـوْتَنِيهِ، أَسْـأَلُكَ خَـيْرَهُ وَخَيْرَ مَا صُنِعَ لَهُ ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهِ وَشَرِّ مَا صُنِعَ لَهُ.

ئەبى سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىرەر يېڭى كىيىم كىيسە مەيلى سەللە يەكتەك ياكى رىدا بولسۇن، ئۇ كىيىمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ: اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ كَمَا كَسَوْتَنِيهِ، أَسْأَلُكَ خَيْرَهُ وَخَيْرَ مَا صُنِعَ لَهُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهِ وَشَرِّ مَا صُنِعَ لَهُ «ئى ئاللاھ ئۇ كىيىمنى ماڭا كىيدۈرگىنىڭ كەبى ساڭا ھەمدىلەر بولسۇن. مەن سەندىن بۇ

[11]. ھازىرقى قاتار دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ سۆزنى يەمەندىن كەلتۈرىلىدىغان گۈلى بار ، قىزغۇچ بىر خىل تون دەپمۇ چۈشەندۈرىشىدۇ.

كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى، كىيىم تىكىشتىكى مەقسەتنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن. مەن ساڭا سېغىنىپ بۇ كىيىمنىڭ يامانلىقىدىن،[12] بۇ كىيىمنى تىكىشتىكى مەقسەتنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەيدىغان ئېدى.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

44. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ أَحَبَّ الثِّيَابِ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَلْبَسُهُ الْحِبَرَةُ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياقتۇرۇپ كېيىدىغان كېيىم (يەمەندىن چىقىدىغان گۈللۈك ياكى نەقىش ئىشلىنىدىغان) ھىبەرە دېيىلىدىغان تون ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

45. عَنْ عَوْنِ بْنِ أَبِي جُحَيْفَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ أَبِيهِ قَالَ: رَأَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعَلَيْهِ حُلَّةٌ حَمْرَاءُ، كَأَنِّي أَنْظُرُ إِلَى بَرِيقِ سَاقَيْهِ. قَالَ سُفْيَانُ: أُرَاهَا حِبَرَةً.

---

[12]. كىيىمنىڭ ئادەمنى سوغۇقتىن ساقلاش، گۈزەللەشتۈرۈش، ئەۋرەتنى يېپىش دېگەندەك ياخشىلىق تەرەپلىرى بولغىنىدەك كىبىر ۋە مەنمەنچىلىك قىلىپ كىيىش، شۆھرەت ئۈچۈن كىيىش، ئۈستىدە چەكلەنگەن سۈرەتلەرنىڭ بولىشى، ئېھتىياج يوق ئەمما مودا قوغلىشىپ كېيىش، ھەددىدىن زىيادە تار، ئۇياتلىق يەرلەرنى چىقىرىپ قويىدىغان دەرىجىدە بولۇش، ياكى ئالاھىدە ئۆزۈن بولۇشقا ئوخشاش يامانلىقلىرىمۇ بولىدىغانلىقى بۇ ھەدىستىن مەلۇمدۇر.

ئەۋن ئىبنى ئەبى جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ كىشى دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ، دادىسى مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قىزىل تون كىيگەن ھالەتتە كۆردۈم. ئىككى پاچىقىنىڭ پارقىراپ تۇرغان ھالىتى كۆز ئالدىمدىلا تۇرۇپتۇ.

ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ جۇھەيفە «ئۇ تون ھىبەرە (قىزىل يوللۇق تون) ئىدى» دېدىمىكىن دەيمەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

46. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: عَلَيْكُمْ بِالْبَيَاضِ مِنَ الثِّيَابِ، لِيَلْبِسْهَا أَحْيَاؤُكُمْ، وَكَفِّنُوا فِيهَا مَوْتَاكُمْ، فَإِنَّهَا مِنْ خِيَارِ ثِيَابِكُمْ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئاق كىيىم كېيىڭلار. تىرىكلىرىڭلار ئۇنى كىيسۇن. ئۆلۈكلىرىڭلارنى ئۇنىڭ بىلەن كېپەنلەڭلار. ئاق كىيىم كىيىملىرىڭلارنىڭ ياخشىسى قاتارىدىندۇر.

ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

47. عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: الْبَسُوا الْبَيَاضَ، فَإِنَّهَا أَطْهَرُ وَأَطْيَبُ، وَكَفِّنُوا فِيهَا مَوْتَاكُمْ.

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاق كىيىم كىيىڭلار. ئاق رەخت پاكىز ۋە ئېسىلدۇر. ئۆلۈكلىرىڭلارنىمۇ ئاق (رەختتە) كېپەنلەڭلار.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان.

48. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَاتَ غَدَاةٍ، وَعَلَيْهِ مِرْطٌ مِنْ شَعَرٍ أَسْوَدَ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى قارا يۇڭدىن ئىشلەنگەن بىر چوڭ پۈركەنجىنى ئارتىپ (كىيىپ) چىقتى.

ئىمام مۇسلىم، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

49. عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَبِسَ جُبَّةً رُومِيَّةً، ضَيِّقَةَ الْكُمَّيْنِ.

مـۇغـيـرە ئـىبـنـى شـۆئـبـە رەزىـيـەلـلاھـۇ ئـەنـھـۇدىـن رىـۋايـەت قـىـلـىـنـىـدۇ: (ئـۇ مـۇنـداق دەيـدۇ:) رەسـۇلـۇلـلاھ سـەلـلـەلـلاھـۇ ئـەلـەيـھـى ۋەسـەلـلـەم ئـىـكـكـى يـېـڭـى تـار كـەلـگـەن بـىـر رۇم جـۇۋـىـسـىـنـى كـىـيـگـەن ئـېـدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

## 9. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆتۈكى ھەققىدە

50. عَنِ ابْنِ بُرَيْدَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ أَبِيهِ بُرَيْدَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّجَاشِيَّ أَهْدَى لِلنَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خُفَّيْنِ أَسْوَدَيْنِ سَاذَجَيْنِ، فَلَبِسَهُمَا ثُمَّ تَوَضَّأَ وَمَسَحَ عَلَيْهِمَا .

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇ كىشىنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: نەجاشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر جۈپ قارا، ئاددى (ھېچقانداق نەقىش يوق) ئۆتۈك ھەدىيە قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئۆتۈكنى كىيگەن. ئاندىن كېيىن تاھارەت ئېلىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈستىگە مەسىھ قىلغان ئىدى.

ئەبۇ داۋۇد، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە، ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

51. عَنْ أَبِي إِسْحَاقَ، عَنِ الشَّعْبِيِّ قَالَ: قَالَ الْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَهْدَى دِحْيَةُ لِلنَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خُفَّيْنِ، فَلَبِسَهُمَا .

ئەبى ئىسھاقتىن ئۇ شەئبىيدىن رىۋايەت قىلىدۇ: شەئبى مۇنداق دېگەن: مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: دىھيە ئىبنى خەلىيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر جۈپ ئۆتۈك ھەدىيە قىلغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كىيگەن ئىدى.

ئەبۇ ششەيخ ۋە مۇئەللىپ رىۋايەت قىلغان.

## 10. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سايما كەشى ھەققىدە

52. عَنْ قتادةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قُلْتُ لِأَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: كَيْفَ كَانَ نَعْلُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ؟ قَالَ: لَهُمَا قِبَالاَنِ .

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سايما كەشى قانداق ئىدى ؟ دېسەم ئەنەس: (ھەر پېيىدە) ئىككى تال يىپى بار[13] سايما كەش ئىدى دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

[13] . يەنى سايما كەشنىڭ باشبارماق كىرىپ تۇرىدىغان يېرى بىلەن يۇقىرىدىكى پۇتنىڭ دۈمبىسىنى بېسىپ تۇرىدىغان يېرىنى باغلاپ تۇتاشتۇرىدىغان بىردىن يىپى بار سايما كەش ئىدى.

53. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ لِنَعْلِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قِبَالانِ، مَثْنِيٌّ شِرَا كُهُمَا.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياق كىيىمىنىڭ ئىككىگە تىلىنغان ئىككى يىپى بار ئىدى.

ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى سەئىد رىۋايەت قىلغان

54. عَنْ عِيسَى بْنُ طَهْمَانَ قَالَ: أَخْرَجَ إِلَيْنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ نَعْلَيْنِ جَرْدَاوَيْنِ، لَهُمَا قِبَالانِ. فقَالَ: فَحَدَّثَنِي ثَابِتٌ بَعْدُ عَنْ أَنَسُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُمَا كَانَتَا نَعْلَي النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

ئىيسا ئىبنى تەھماندىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە ئىككى تال يىپى بار بىر جۈپ تاقىر ساپما كەشنى[14] چىقاردى.
ئىيسا ئىبنى تەھمان مۇنداق دەيدۇ: ماڭا كېيىن سابىت ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇ بىر جۈپ ساپما كەشنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساپما كەشى ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

14. يەنى ھازىرقى زاماندىكى خۇرۇمغا ئوخشاش ئاشلاپ، تۈكىنى يوقىتىپ تىكىلگەن بىر جۈپ ئاياق كېيىمنى چىقاردى.

55. عَنْ عُبَيْدِ بْنِ جُرَيْجٍ أَنَّهُ قَالَ لِابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: رَأَيْتُكَ تَلْبَسُ النِّعَالَ السِّبْتِيَّةَ، قَالَ: إِنِّي رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَلْبَسُ النِّعَالَ الَّتِي لَيْسَ فِيهَا شَعَرٌ، وَيَتَوَضَّأُ فِيهَا، فَأَنَا أُحِبُّ أَنْ أَلْبَسَهَا.

ئۇبەيد ئىبنى جۇرەيجدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: مەن سىزنىڭ كۆندىن تىكىلگەن ساپما كەش كىيگەنلىكىڭىزنى كۆردۈم دېگەن. ئىبنى ئۆمەر: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆندىن تىكىلگەن ساپما كەشنى كىيىپ، شۇنى كىيگەن هالدا تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. شۇڭا مەنمۇ شۇ خىل كەشنى كىيىشنى ياخشى كۆرىمەن دەپ جاۋاپ بەرگەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

56. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ لِنَعْلِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قِبَالَانِ.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساپما كەشى ئىككى تال يىپى بار ساپما كەش ئىدى. (يۇقىرىدىكى ئەنەس ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكىگە ئوخشاش يىپى بار ساپما كەش ئىدى.)

57. عَنِ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي فِي نَعْلَيْنِ مَخْصُوفَتَيْنِ.

ئەمر ئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياماق سېلىنغان بىر جۈپ سايما كەشنى كېيىپ ناماز ئوقۇغىنىنى كۆردۈم.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى سەئىد ۋە ئەبۇ شەيخ رىۋايەت قىلغان.

58. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لَا يَمْشِيَنَّ أَحَدُكُمْ فِي نَعْلٍ وَاحِدَةٍ، لِيُنْعِلْهُمَا جَمِيعًا، أَوْ لِيُحْفِهِمَا جَمِيعًا.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھېچ بىرىڭلار بىر پاي سايما كەش كىيىپ ماڭمىسۇن. ھەر ئىككىلا پېيىنى كىيسۇن ياكى ھەر ئىككىلا پېيىنى سېلىۋەتسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

59. عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَهَى أَنْ يَأْكُلَ يَعْنِي الرَّجُلَ بِشِمَالِهِ، أَوْ يَمْشِيَ فِي نَعْلٍ وَاحِدَةٍ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ سول قولى

بىلەن تاماق يېيىشى، ياكى بىر پاي ئاياق كىيىمنى كىيگەن ھالدا مېڭىشىدىن نەھى قىلغان.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

60. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: لا يَمْشِيَنَّ أَحَدُكُمْ فِي نَعْلٍ وَاحِدَةٍ ، لِيُنْعِلْهُمَا جَمِيعًا ، أَوْ لِيُحْفِهِمَا جَمِيعًا

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر كىم ئاياق كىيىمى كىيسە ئوڭدىن باشلاپ كىيسۇن. سالغاندا سولدىن باشلاپ سالسۇن. (ئوڭ پۇت) ئاۋۋال كىيىلىدىغان، ئاخىرىدا سېلىنىدىغان بولسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

61. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُحِبُّ التَّيَمُّنَ مَا اسْتَطَاعَ فِي تَرَجُّلِهِ وَتَنَعُّلِهِ وَطُهُورِهِ .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، مەيلى ساقال تاراشتا، ئاياق كىيىمى كىيىشتە، مەيلى تاھارەت ئېلىشتا بولسۇن ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنى ياخشى كۆرىدىغان ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

## 11. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكى ھەققىدە

62. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ خَاتَمُ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ وَرِقٍ، وَكَانَ فَصُّهُ حَبَشِيًّا.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكى كۈمۈشتىن ئىدى. ئۈزۈكنىڭ كۆزى ھەبەشىستان (دىن چىقىدىغان ھېقىق) تېشى ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

63. عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِتَّخَذَ خَاتَمًا مِنْ فِضَّةٍ ، فَكَانَ يَخْتِمُ بِهِ (وَلا يَلْبَسُهُ .)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈمۈشتىن بىر ئۈزۈك قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇنى موھۇر قىلىپ قوللىناتتى. (سېلىۋالمايتتى.)

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇشەيخ رىۋايەت قىلغان

64. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ خَاتَمُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ فِضَّةٍ، فَصُّهُ مِنْهُ .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكى كۈمۈشتىن، ئۈزۈكنىڭ كۆزىمۇ كۈمۈشتىن ئىدى.

بۇخارى ۋە مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

65. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ نَقْشُ خَاتَمِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مُحَمَّدٌ سَطْرٌ، وَرَسُولٌ سَطْرٌ، وَاللَّهُ سَطْرٌ. وَفِي رِوَايَةِ مُسلِمٍ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: لَمَّا أَرَادَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ يَكْتُبَ إِلَى الْعَجَمِ قِيلَ لَهُ: إِنَّ الْعَجَمَ لَا يَقْبَلُونَ إِلَّا كِتَابًا عَلَيْهِ خَاتَمٌ، فَاصْطَنَعَ خَاتَمًا، فَكَأَنِّي أَنْظُرُ إِلَى بَيَاضِهِ فِي كَفِّهِ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىنىڭ نەقشى «مۇھەممەد» بىر قۇر، «رسول» بىر قۇر، «الله» بىر قۇر (خەت) ئىدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان .

ئىمام مۇسلىم ئەنەستىن رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە: رەسۇلۇللاھ كۈمۈشتىن بىر ئۈزۈك قىلدۇردى ۋە ئۇ ئۈزۈككە «محمد رسول الله» دەپ نەقىشلەندى دېيىلگەن بولسا، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا: پەيغەمبىرىمىز كىسرا، قەيسەر، نەجاشىلارغا نامە

يوللىماقچى بولدى. بىر كىشى: ئۇلار موھۇرسىز خەت قوبۇل قىلمايدۇ دېگەن گەپنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ كۈمۈشتىن بىر ئۈزۈك قىلدۇردى ۋە ئۇنىڭغا:«محمد رسول الله» خېتىنى نەقىشلىدى. (ئۈزۈكنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالقىنىدىكى ئاقلىقى شۇنداق كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ) دېيىلگەن.

66. عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: اتَّخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَاتَمًا مِنْ وَرِقٍ، فَكَانَ فِي يَدِهِ ثُمَّ كَانَ فِي يَدِ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، وَيَدِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، ثُمَّ كَانَ فِي يَدِ عُثْمَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، حَتَّى وَقَعَ فِي بِئْرِ أَرِيسٍ، نَقْشُهُ: مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللهِ .

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈمۈشتىن بىر ئۈزۈك قىلدۇرغان ئىدى. ئۈزۈك رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدا تۇردى. كېيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا تۇردى. ئارقىدىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا (تۇرغاندا ئۇنىڭ قولىدىن) ئەرىيس قۇدۇقىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۈزۈككە «محمد رسول الله» دېگەن خەتنى نەقىشلىگەن ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

## 12. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكنى ئوڭ قولىغا تاقىغانلىقى ھەققىدە

67. عَنْ عَلِيّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَلْبَسُ خَاتَمَهُ فِي يَمِينِهِ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكنى ئوڭ قولىغا تاقايدىغان ئىدى.

ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

68. عَنْ حَمَّادِ بْنِ سَلِمَةَ قَالَ رَأَيْتُ اِبْنَ أَبِيْ رَافِعٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَتَخَتَّمُ فِي يَمِينِهِ فَسَأَلْتُهُ عَنْ ذَلِكَ، فَقَالَ: رَأَيْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ جَعْفَرٍ يَتَخَتَّمُ فِي يَمِيْنِهِ وَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ جَعْفَرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَتَخَتَّمُ فِي يَمِينِهِ.

ھەمماد ئىبنى سەلەمەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئەبى راپىئنىڭ ئوغلىنىڭ ئوڭ قولىغا ئۈزۈك تاقىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ھەقتە سورىغان ئىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ ئوڭ قولىغا ئۈزۈك تاقىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىغا ئۈزۈك تاقايتتى» دېگەن.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە، ئىبنى ماجە ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

69. عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَتَخَتَّمُ فِي يَمِينِهِ .

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىغا ئۈزۈك تاقايتتى.

ئەبۇششەيخ رىۋايەت قىلغان

70. عَنِ الصَّلتِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ ابْنُ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَتَخَتَّمُ فِي يَمِينِهِ، وَلَا إِخَالُهُ إِلَّا قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَتَخَتَّمُ فِي يَمِينِهِ .

سەلت ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس ئوڭ قولىغا ئۈزۈك سالاتتى. مەن ئىبنى ئابباسنى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىغا ئۈزۈك سالاتتى دېگەن ئىدىغۇ دەپ ئويلايمەن.

ئەبۇ داۋۇد ۋە مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

71. عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اتَّخَذَ خَاتَمًا مِنْ فِضَّةٍ، وَجَعَلَ فَصَّهُ مِمَّا يَلِي كَفَّهُ، وَنَقَشَ فِيهِ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللهِ، وَنَهَى أَنْ يَنْقُشَ أَحَدٌ عَلَيْهِ وَهُوَ الَّذِي سَقَطَ مِنْ مُعَيْقِيبٍ فِي بِئْرِ أَرِيسٍ .

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈمۈش ئۈزۈك قىلدۇرۇپ، ئۈزۈكنىڭ كۆزىنى ئالقىنى تەرەپكە قىلغان، ئۈزۈككە «مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللهِ» نى نەقىشلىگەن ۋە باشقىلارنىڭ بۇ شەكىلدە نەقىش قىلىشىنى چەكلىگەن ئىدى. بۇ ئۈزۈك مۇئەيقىبنىڭ[15] قولىدىن ئەرىس قۇدۇقىغا چۈشۈپ كەتكەن ئۈزۈك ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

**72. عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمَّدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: كَانَ الْحَسَنُ وَالْحُسَيْنُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يَتَخَتَّمَانِ فِي يَسَارِهِمَا.**

جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدتىن ئۇنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: دادىسى مۇھەممەد مۇنداق دېگەن: ھەسەن ۋە ھۈسەين سول قولىغا ئۈزۈك سالاتتى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

**73. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَتَخَتَّمُ فِي يَمِينِهِ.**

---

[15]. مۇئەيقىب ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خادىمى بولۇپ مەزكۇر ئۈزۈكنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى ھەدىس يۇقىرىدا بايان قىلىنىدى. بەلكىم بۇ ئۈزۈك ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا نامىلەرنى مۆھۈرلەش ئۈچۈن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈزۈكنى ئۈزىتىشى ياكى مۇئەيقىبنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قايتۇرۇپ ئۈزىتىشى جەريانىدا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنى تارتىۋېتىپ بىر نەچچە كۈن ئىزدەپمۇ ئۈزۈكنى تاپالمىغان.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىغا ئۈزۈك سالاتتى.

ئىبنى ھىببان ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس

74. عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: اتَّخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَاتَمًا مِنْ ذَهَبٍ، فَكَانَ يَلْبَسُهُ فِي يَمِينِهِ، فَاتَّخَذَ النَّاسُ خَوَاتِيمَ مِنْ ذَهَبٍ فَطَرَحَهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَقَالَ: لَا أَلْبَسُهُ أَبَدًا فَطَرَحَ النَّاسُ خَوَاتِيمَهُمْ .

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ بىر ئالتۇن ئۈزۈك قىلغۇزدى. ئۇ بۇ ئۈزۈكنى ئوڭ قولىغا سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئالتۇن ئۈزۈك قىلغۇزۇپ سالغىلى باشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «مەن ئۇنى مەڭگۇ سالمايمەن»[16] دەپ ئېلىپ تاشلىدى. باشقىلارمۇ ئۈزۈكلىرىنى ئېلىۋېتىشتى.[17]

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

---

[16]. بۇ ئىشنىڭ ئەرلەرگە ئالتۇن زىننەت بويۇمى تاقاش ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ئىش ئىكەنلىكى، ئالتۇن زىننەت بويۇمىنىڭ ئەرلەرگە ھارام قىلىنغانلىقى رەسولۇللاھنىڭ «ئەبەدى سالمايمەن» دەپ ئېلىپ تاشلىغىنىدىن مەلۇمدۇر

[17]. بۇ باپتىكى ئۈزۈكنىڭ ھۆكمى، قايسى قولغا، قايسى بارماققا سېلىنىشى مەسىلىسىدە ئۆلىمالارنىڭ جۈملىدىن ئىمام نەۋەۋىي رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ قارىشى: ئۈزۈكنىڭ مۆھۈر تامغا بېسىشقا ئىشلىتىدىغانلار ئۈچۈن سۈننەت، باشقىلارغا موباھ ئىكەنلىكى، ئوڭ سولنىڭ قايسىغا سالسا بولىدىغانلىقى، ئاياللارنىڭ بىر نەچچە تال ئۈزۈك سالسىمۇ بولىدىغانلىقى، ئۈزۈكنىڭ بارماقلارنىڭ ئىچىدە نامسىز بارماققا سېلىنىدىغانلىقىدۇر.

# 13. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىچىنىڭ تەسۋىرى

75. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَتْ قَبِيعَةُ سَيْفِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ فِضَّةٍ .

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىچىنىڭ دەستىسى كۈمۈشتىن ئىدى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى رىۋايەت قىلغان

76. عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي الْحَسَنِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَتْ قَبِيعَةُ سَيْفِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ فِضَّةٍ .

سەئىد ئىبنى ئەبۇلھەسەن بەسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىچىنىڭ دەستىسى كۈمۈشتىن ئىدى.

ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان

# 14. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەكتىكىنىڭ تەسۋىرى

77. عَنِ الزُّبَيْرِ بْنِ الْعَوَّامِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمَ أُحُدٍ دِرْعَانِ، فَنَهَضَ إِلَى الصَّخْرَةِ فَلَمْ يَسْتَطِعْ، فَأَقْعَدَ طَلْحَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ تَحْتَهُ، وَصَعِدَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى اسْتَوَى عَلَى الصَّخْرَةِ، قَالَ: سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: أَوْجَبَ طَلْحَةُ.

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوھود كۈنى ئىككى ساۋۇت كىيگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقماقچى بولۇپ چىقالمىدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ تەلھەنى ئولتۇرغۇزدى ۋە (تەلھەنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ) تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ مەزمۇت دەسسەپ تۇردى. زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تەلھە (جەننەتكە كىرىشكە) تېگىشلىك بولدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

78. عَنِ السَّائِبِ بْنِ يَزِيدَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ عَلَيْهِ يَوْمَ أُحُدٍ دِرْعَانِ، قَدْ ظَاهَرَ بَيْنَهُمَا.

سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئوھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈچىسىدا ئۈستى - ئۈستىگە كىيگەن ئىككى ساۋۇت بار ئىدى.

بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

# 15. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ تەسۋىرى

79. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دَخَلَ مَكَّةَ عَامَ الْفَتْحِ وَعَلَى رَأْسِهِ الْمِغْفَرُ، قَالَ: فَلَمَّا نَزَعَهُ جَاءَهُ رَجُلٌ، فَقَالَ لَهُ: ابْنُ خَطَلٍ مُتَعَلِّقٌ بِأَسْتَارِ الْكَعْبَةِ، فَقَالَ: اقْتُلُوهُ، قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: وَبَلَغَنِي أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَمْ يَكُنْ يَوْمَئِذٍ مُحْرِمًا.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەككە فەتىھ قىلىنغان يىلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە دۇبۇلغا كىيگەن ھالەتتە كىردى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇبۇلغىسىنى

بېشىدىن چىقىرىپ تۇرغىنىدا بىر كىشى: بۇ ئىبنى خەتەل[18] كەئبىنىڭ يوپۇقلىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

ئىبنى شىھاب: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە پەتھى كۈنى (مەككىگە كىرگەن چاغدا) ئىھرام باغلىمىغان ئىكەن دەپ ئۇقتۇم دېگەن.

# 16. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەللىسى ھەققىدە

**80. عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: دَخَلَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَكَّةَ يَوْمَ الْفَتْحِ ، وَعَلَيْهِ عِمَامَةٌ سَوْدَاءُ .**

[18]. ئابدۇللاھ ئىبنى خەتەل رەسۇلۇللاھ مەككە پەتھى كۈنى- ھەرەمدە بولسۇن سىرتىدا بولسۇن- كۆرۈلگەن يەردە ئۆلتۈرۈش پەرمانى جاكارلىغانلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ باشتا مۇسۇلمان بولغان. ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر مۇسۇلمان خىزمەتكارىمۇ بولغان. ئۇ كېيىن دىندىن يېنىپ مۇرتەد بولۇپ كەتكەن ۋە ھېلىقى مۇسۇلمان خىزمەتكارنى ئۆلتۈرىۋەتكەن. پەيغەمبىرىمىزنى ھەجۋىيلەشتۈرۈپ سۆكۈشكە باشلىغان. رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلارنى ھەجۋىلەشتۈرۈپ مەسخىرە قىلىسۇن ئۈچۈن مەخسۇس ئىككى دېدەك سېتىۋېلىپ ئىسلامنى، رەسۇلۇللاھ ۋە مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلغىلى ئاتىغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنى كۆرگەن يەردە ئۆلتۈرۈش ئەمرىنى بەرگەن. مەككە پەتھى كۈنى بۇ مەلئۇننى ئەبۇ بەرزەتىلئەسلەمى كەئبىنىڭ جازاسىنى بېرىپ يېنىدا ئۆلتۈرگەن.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە فەتھە قىلىنغان يىلى مەككىگە كىرىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدا قارا سەللە بار ئىدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

81. عَنْ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ أَبِيهِ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَطَبَ النَّاسَ، وَعَلَيْهِ عِمَامَةٌ سَوْدَاءُ .

ئەمىر ئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قارا سەللە كىيگەن ھالدا جامائەتكە نوتۇق سۆزلىگەن.

مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان

82. عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا اعْتَمَّ سَدَلَ عِمَامَتَهُ بَيْنَ كَتِفَيْهِ. قَالَ نَافِعٌ: وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَفْعَلُ ذَلِكَ. قَالَ عُبَيْدُ اللهِ: وَرَأَيْتُ الْقَاسِمَ بْنَ مُحَمَّدٍ، وَسَالِمًا يَفْعَلَانِ ذَلِكَ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەللە كىيسە سەللىنىڭ پەتلىسىنى (بىر ئۇچىنى) ئىككى تاغىقىنىڭ

ئارىسىغا ساڭگىلىتىپ قويۇپ بېرەتتى. نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەرمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئۇبەيدۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ۋە سالىم ئىككىسىنىڭمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى كۆردۈم.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

83. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَطَبَ النَّاسَ، وَعَلَيْهِ عِصَابَةٌ دَسْمَاءُ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتكە نوتۇق سۆزلىگەن، بېشىدا ئۆڭۈپ كەتكەن بىر سەللە بار ئىدى.[19] (بەزى ئالىملار «دىسمائ» سۆزىنى قارا دەپمۇ ئىزاھلاشقان)

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس بۇخارىيدىمۇ بار.

[19]. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەللە كىيگىنى، مەككە پەتھ كۈنى دۇبۇلغا بىلەن كىلىپ مەككىنىڭ تېنىچ ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، دۇبۇلغىسىنى ئېلىۋېتىپ، مەككىگە قارا سەللە كىيىپ كىرگەنلىكى ھەر قايسى ھەدىس كىتاپلىرىدا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما سەللىنىڭ پەزىلەتلىرى، سەللە بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ئارتۇقچىلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى زەئىپ ھەدىسلەر بولۇپ، ھېچبىرىنى رەسۇلۇللاھ دېگەن ئىدى دەپ نىسبەتلەش جائىز ئەمەس. قىسقىسى سەللە كىيىش ئۆزۈك سېلىشقا ئوخشاش ئادەت، موباھ بولۇپ كىيسە بولىدۇ. ئەمما سۈننەت ئەمەستۇر.

# 17. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تامبىلى (بەلنىڭ تۆۋەن قىسمىنى يۆگەيدىغان رەخت) ھەققىدە

84. عَنْ أَبِي بُرْدَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ أَبِيهِ قَالَ: أَخْرَجَتْ إِلَيْنَا عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا، كِسَاءً مُلَبَّدًا، وَإِزَارًا غَلِيظًا، فَقَالَتْ: قُبِضَ رُوحُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي هَذَيْنِ.

ئەبى بۇردەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىزگە ياماق سېلىنغان بىر يەكتەك بىلەن، (توقۇلۇشى) قوپال بىر تامبالنى چىقىرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككىسىدە (يەنى بۇ ئىككى كىيىمنى كىيگەن ھالىتىدە) ئالەمدىن ئۆتتى دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

85. عَنِ الأَشْعَثِ بْنِ سُلَيْمٍ قَالَ: سَمِعْتُ عَمَّتِي، تُحَدِّثُ عَنْ عَمِّهَا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: بَيْنَا أَنَا أَمْشِي بِالْمَدِينَةِ، إِذَا إِنْسَانٌ خَلْفِي يَقُولُ: ارْفَعْ إِزَارَكَ، فَإِنَّهُ أَتْقَى وَأَبْقَى فَإِذَا هُوَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ إِنَّمَا هِيَ بُرْدَةٌ مَلْحَاءُ، قَالَ: أَمَا لَكَ فِيَّ أُسْوَةٌ؟ فَنَظَرْتُ فَإِذَا إِزَارُهُ إِلَى نِصْفِ سَاقَيْهِ.

ئەشئەس ئىبنى سۈلەيمەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن هامامامدىن ئاڭلىدىم. هامام تاغىسىدىن ھەدىس سۆزلەپ بەردى، تاغىسى مۇنداق دېگەن: بىر زامانلار مەن مەدىنىدە كېتىۋاتقان ئىدىم. بىردىنلا ئارقامدىن بىر ئادەم «ئىشتىنىڭنى ئۈستۈن ئەت، شۇنداق قىلىش تەقۋالىققا يېقىن، (كىيىمىڭنى ياكى سېنى) ئوبدان ساقلايدۇ» دېدى. قارىسام ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، بۇ سىدام بىر تون (يەنى رەڭسىز، ئاددى، كىبىر قىلغۇدەك ئىش ياكى قىممەت كىيىم ئەمەس) دېدىم. رەسۇلۇللاھ: سېنىڭ مېنى ئۈلگە قىلغىنىڭ يوقمۇ؟ دېدى، مەن قارىسام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشتىنى ئىككى پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە ئىكەن.

ئىمام ئەھمەد، بەيھەقى ۋە ئەبۇششەيخ رىۋايەت قىلغان .

86. عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفَّانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ عُثْمَانُ بْنُ عَفَّانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَأْتَزِرُ إِلَى أَنْصَافِ سَاقَيْهِ، وَقَالَ: هَكَذَا كَانَتْ إِزْرَةُ صَاحِبِي ، يَعْنِي النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ .

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ ئىككى پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە ئىشتان كىيىدىغان ئىدى ۋە: مىنىڭ دوستۇمنىڭ تامبىلى موشۇنداق ئىدى دېگەن. (دوستۇم دېيىش ئارقىلىق) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆزدە تۇتىدۇ . [20]

مۇئەللىپ رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس

87. عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِعَضَلَةِ سَاقِي أَوْ سَاقِهِ، فَقَالَ: هَذَا مَوْضِعُ الإِزَارِ، فَإِنْ أَبَيْتَ فَأَسْفَلَ، فَإِنْ أَبَيْتَ فَلا حَقَّ لِلإِزَارِ فِي الْكَعْبَيْنِ .

ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ پاچىقىنىڭ بولجۇڭ گۆشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: بۇ ئىشتاننىڭ ئورنى، بۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ سەل تۆۋەن تەرىپى، ئۇنىڭغا

[20]. ئەلبانى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ بۇ ھەدىسنىڭ «مېنىڭ دوستۇمنىڭ تامبىلى مۇشۇنداق ئېدى» دېگەن بۆلىكىنى سەھىھ، يۇقىرىسىنى زەئىپ دەپ باھالىغان. ھەدىسلەردىكى ئىشتان، تامبال مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنغان " الإزار" سۆزى ئەنئەنىۋى ئۇقۇمدىكى ئىشتاننى كۆرسەتمەستىن بەلكى يەمەن، ھىندۇنېزىيە ۋە مالايسىيادىكى مۇسۇلمانلار بېلىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا يۆگەيدىغان، ئاياللارنىڭ يوپكىسىغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان رەختنى كۆرسىتىدۇ. ت

ئۇنىمىساڭ ئىشتانىنىڭ ئىككى ئوشۇقتا ھەققى يوق[21]
( يەنى ئوشۇققا قەدەر چۈشۈشى ھالال ئەمەس) دېدى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە، ئىبنى ماجە ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان .

## 18. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئولتۇرۇشى ھەققىدە

**88. عَنْ عَبَّادِ بْنِ تَمِيمٍ عَنْ عَمِّهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ رَأَى النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُسْتَلْقِيًا فِي الْمَسْجِدِ وَاضِعًا إِحْدَى رِجْلَيْهِ عَلَى الأُخْرَى .**

ئەبباد ئىبنى تەمىمدىن، ئۇ ئۆزىنىڭ تاغىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ، تاغىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەسجىدتە پۇتىنى ئالماپ (بىر پۇتىنى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە قويغان ھالدا) ئوڭدا ياتقانلىقىنى كۆرگەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

[21]. ئىشتاننى ئوشۇقى بىلەن تەڭ كېيىش، ئۇزۇن بولماسلىق ھەققىدە كەلگەن شۇنچە ھەدىسلەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن قەتئىينەزەر ئىشتىنىنى سۈننەتكە ئۇيغۇن ئۆزگەرتەلمەيۋاتقان ، بۇ يەتمىگەندەك رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۈننىتىنى تۇتقانلارنى زاڭلىق قىلىۋاتقان مەخلۇقلارنىڭ غەرىپلىك دۈشمەنلەر مودا دەپ چىقىرىشقان، بەزىسى ئوشۇقىدا، بەزىسى تىزىدا، بەزىسى ئۇزۇن، بەزىسى قىسقا، بەزىسى ھەتتا ئۇياتلىق يېرىنى ئاران ياپقان، بەزىسى كەڭ، بەزىسى تار، بەزىسى يىرتىق، بەزىسى تۆشۈك كىيىملەرنى كىيىشىپ «بۇ مودا» دەپ يۈرىشىگە قاراپ سۈننەتنى مەسخىرە قىلغان ئىنسانلارنىڭ پەقەت دىندىنلا ئەمەس بەلكى ئىنسان ۋە جىنغا ئورتاق بېرىلگەن ئەقلىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغىنىغا ئادەم ئىشەنمەي تۇرالمايدۇ. ئاللاھ ئىنساننى رەسۇلىنىڭ سۈننەتلىرىنى تولۇق بېجىرىدىغانلاردىن قىلسۇن. قىلالمىغان تەقدىردىمۇ سۈننەتكە ھۆرمەت بىلدۈرۈش تۇيغۇسىدىن ئايرىمىسۇن.

89. عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا جَلَسَ فِي الْمَسْجِدِ احْتَبَى بِيَدَيْهِ.

ئەبى سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ئولتۇرسا، ئىككى قولى بىلەن تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان

## 19. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرىشى ھەققىدە

90. عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُتَّكِئًا عَلَى وِسَادَةٍ عَلَى يَسَارِهِ.

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سول يېنىچە بىر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆردۈم.

مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

91. عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ عَنْ أَبِيهِ أَبِي بَكْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: أَلَا أُحَدِّثُكُمْ بِأَكْبَرِ

الْكَبَائِرِ؟ قَالُوا: بَلَى يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ: الإِشْرَاكُ بِاللَّهِ، وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ قَالَ: وَجَلَسَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَكَانَ مُتَّكِئًا، قَالَ: وَشَهَادَةُ الزُّورِ، أَوْ قَوْلُ الزُّورِ، قَالَ: فَمَا زَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُهَا حَتَّى قُلْنَا: لَيْتَهُ سَكَتَ.

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبى بەكرەدىن ئۇ ئۆزىنىڭ داداسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن سىلەرگە گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ چوڭىنى سۆزلەپ بەرمەيمۇ؟ دېگەن. ساھابىلار: شۇنداق قىلسىلا، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى دېيىشكەن. رەسۇلۇللاھ: (گۇناھى كەبىرە) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر، ئاتا ئانىنى قاقشىتىشتۇر دېدى . رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: (بىر نەرسىگە) يۆلىنىپ ئولتۇرغان رەسۇلۇللاھ تىك ئولتۇرۇپ: «يالغان گۇۋاھلىقتۇر» ياكى «يالغان گەپتۇر» دېدى. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى (موھىملىقىدىن) تەكرار تەكرار دېدى، ھەتتاكى بىز «رەسۇلۇللاھ توختاپ قالسىمۇ بولۇپتىكەن» دەپ قالدۇق.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

92. عَنْ أَبِي جُحَيْفَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: أَمَّا أَنَا، فَلا آكُلُ مُتَّكِئًا.

ئەبى جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ماڭا كەلسەك، مەن يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ (تاماق) يېمەيمەن.

ئىمام بۇخارى، مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

## 20. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىرىكچىلىكى ھەققىدە

93. عَنْ مُحَمَّدِ بْنِ سِيرِيْن قَالَ: كُنَّا عِنْدَ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَعَلَيْهِ ثَوْبَانِ مُمَشَّقَانِ مِنْ كَتَّان فَتَمَخَّطَ فِي أَحَدِهِمَا. فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: بَخْ بَخْ يَتَمَخَّطُ أَبُو هُرَيْرَةَ فِي الْكَتَّانِ. لَقَدْ رَأَيْتُنِي وَإِنِّي لَأَخِرُّ فِيمَا بَيْنَ مِنْبَرِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وحُجْرَةِ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا مَغْشِيًّا عَلَيّ، فَيَجِيءُ الْجَائِي فَيَضَعُ رِجْلَهُ عَلَى عُنُقِي، يَرَى أَنّ بِي جُنُونًا، وَمَا بِي جُنُونٌ، ومَا هُوَ إِلَّا الْجُوعُ.

مۇھەممەد ئىبنى سىيرىيندىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدۇق. ئۇ كىشىنىڭ ئۇچىسىدا كاناپتىن ئىشلەنگەن قىزغۇچ بىر يۇرۇش كىيىم بار ئىدى. كىيىمنىڭ بىرى بىلەن بۇرنىنى سۈرۈتتى ۋە مۇنداق دېدى: بەللى

بەللى! ئەبۇ ھۇرەيرە كاناپ رەختتكە بۇرنىنى سۈرتىدىغان بولدى؟!
شۇنداق ئېسىمدە، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرى بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھوجرىسى ئارىسىدا ھوشۇمدىن كېتىپ يىقىلىپ قالاتتىم. بىر كىملەر كېلىپ تۇتقاقلىق كېسەلى تۇتۇپتۇ دەپ قاراپ (تۇتقاقلىق كېسەلى تۇتقان ئادەمنىڭ پاتىقىغا دەسسەسە ھوشىغا كېلىدۇ دەيدىغان قاراشقا ئاساسەن) پاتىقىمغا دەسسەيتتى. ئەمەلىيەتتە مەن تۇتقاقلىقتىن ئەمەس، ئاچلىقتىن يىقىلىپ قالاتتىم.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

94. عَنْ مَالِكِ بْنِ دِيْنَارٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: مَا شَبِعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ خُبْزٍ قَط، وَلَحم إِلَّا عَلى ضفَف. قَالَ مَالِكُ بْنُ دِيْنَارٍ: سَأَلْتُ رَجُلاً مِنْ أَهْلِ الْبَادِيَةِ: مَا الضَّفَفُ؟ فَقَالَ: أَنْ يَتَنَاوَلَ مَعَ النَّاسِ .

مالىك ئىبنى دىينار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نانغا تويۇپ باققان ئەمەس ئىدى. گۆشنى مۇتلەق زەفەف (كۆپچىلىك بىلەن، ياكى چالا تويۇپ) يەيتتى. مالىك ئىبنى دىينار مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر قىرلىق ئەرەپتىن: زەفەفنىڭ مەنىسى نىمە؟ دەپ سورىسام ئۇ كىشى: كۆپچىلىك كىشىلەر بىلەن بىللە تائام يېيىشتۇر دىدى.

ھەدىسنىڭ ئىسنادى مۇرسەل، سەھىھ ھەدىس

95. عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ قَالَ: سَمِعْتُ النُّعْمَانَ بْنَ بَشِيرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: أَلَسْتُمْ فِي طَعَامٍ وَشَرَابٍ مَا شِئْتُمْ؟ لَقَدْ رَأَيْتُ نَبِيَّكُمْ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَمَا يَجِدُ مِنَ الدَّقَلِ مَا يَمْلأُ بَطْنَهُ.

سىماك ئىبنى ھەربىتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن نوئمان ئىبنى بەشىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: سىلەر، خالىغىنىڭلارچە يەپ - ئىچىش ئىچىدە ئەمەسمۇ سىلەر؟! مەن سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارنى كۆردۇم. قورسىقىنى تويغۇزغۇدەك پۇچەك خورما تاپالمايتتى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

96. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: إِنْ كُنَّا آلَ مُحَمَّدٍ نَمْكُثُ شَهْرًا مَا نَسْتَوْقِدُ بِنَارٍ، إِنْ هُوَ إِلَّا التَّمْرُ وَالْمَاءُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى ئايلاپ ئوت ياقماي تۇرۇپ كېتەتتۇق. پەقەت خورما بىلەن سۇلا بار ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

97. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي سَاعَةٍ لَا يَخْرُجُ فِيهَا، وَلَا يَلْقَاهُ فِيهَا أَحَدٌ، فَأَتَاهُ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ

اللهُ عَنْهُ فَقَالَ: مَا جَاءَ بِكَ يَا أَبَا بَكْرٍ؟، قَالَ: خَرَجْتُ أَلْقَى رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَنْظُرُ فِي وَجْهِهِ، وَالتَّسْلِيمَ عَلَيْهِ. فَلَمْ يَلْبَثْ أَنْ جَاءَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَقَالَ: مَا جَاءَ بِكَ يَا عُمَرُ؟ قَالَ: الْجُوعُ يَا رَسُولَ اللهِ. قَالَ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: وَأَنَا قَدْ وَجَدْتُ بَعْضَ ذَلِكَ. فَانْطَلَقُوا إِلَى مَنْزِلِ أَبِي الْهَيْثَمِ بْنِ التَّيِّهَانِ الأَنْصَارِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، وَكَانَ رَجُلًا كَثِيرَ النَّخْلِ وَالشَّاءِ، وَلَمْ يَكُنْ لَهُ خَدَمٌ، فَلَمْ يَجِدُوهُ، فَقَالُوا لِامْرَأَتِهِ: أَيْنَ صَاحِبُكِ؟ فَقَالَتْ: انْطَلَقَ يَسْتَعْذِبُ لَنَا الْمَاءَ. فَلَمْ يَلْبَثُوا أَنْ جَاءَ أَبُو الْهَيْثَمِ بِقِرْبَةٍ يَزْعَبُهَا، فَوَضَعَهَا ثُمَّ جَاءَ يَلْتَزِمُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَيُفَدِّيهِ بِأَبِيهِ وَأُمِّهِ. ثُمَّ انْطَلَقَ بِهِمْ إِلَى حَدِيقَتِهِ فَبَسَطَ لَهُمْ بِسَاطًا، ثُمَّ انْطَلَقَ إِلَى نَخْلَةٍ فَجَاءَ بِقِنْوٍ فَوَضَعَهُ، فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: أَفَلَا تَنَقَّيْتَ لَنَا مِنْ رُطَبِهِ؟ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، إِنِّي أَرَدْتُ أَنْ تَخْتَارُوا، أَوْ تَخَيَّرُوا مِنْ رُطَبِهِ وَبُسْرِهِ. فَأَكَلُوا وَشَرِبُوا مِنْ ذَلِكَ الْمَاءِ فَقَالَ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: هَذَا وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مِنَ النَّعِيمِ الَّذِي تُسْأَلُونَ عَنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ظِلٌّ بَارِدٌ، وَرُطَبٌ طَيِّبٌ، وَمَاءٌ بَارِدٌ. فَانْطَلَقَ أَبُو الْهَيْثَمِ لِيَصْنَعَ لَهُمْ طَعَامًا فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَا تَذْبَحَنَّ ذَاتَ دَرٍّ، فَذَبَحَ لَهُمْ عَنَاقًا أَوْ جَدْيًا، فَأَتَاهُمْ بِهَا فَأَكَلُوا. فَقَالَ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: هَلْ لَكَ خَادِمٌ؟ قَالَ: لَا، قَالَ: فَإِذَا أَتَانَا سَبْيٌ فَأْتِنَا. فَأُتِيَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِرَأْسَيْنِ لَيْسَ مَعَهُمَا ثَالِثٌ، فَأَتَاهُ أَبُو الْهَيْثَمِ. فَقَالَ النَّبِيُّ

صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: اخْتَرْ مِنْهُمَا فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ اخْتَرْ لِي فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ الْمُسْتَشَارَ مُؤْتَمَنٌ، خُذْ هَذَا، فَإِنِّي رَأَيْتُهُ يُصَلِّي، وَاسْتَوْصِ بِهِ مَعْرُوفًا فَانْطَلَقَ أَبُو الْهَيْثَمِ إِلَى امْرَأَتِهِ، فَأَخْبَرَهَا بِقَوْلِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَتِ امْرَأَتُهُ: مَا أَنْتَ بِبَالِغٍ حَقَّ مَا قَالَ فِيهِ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَّا بِأَنْ تَعْتِقَهُ، قَالَ: فَهُوَ عَتِيقٌ، فَقَالَ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ اللهَ لَمْ يَبْعَثْ نَبِيًّا وَلَا خَلِيفَةً إِلَّا وَلَهُ بِطَانَتَانِ: بِطَانَةٌ تَأْمُرُهُ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَاهُ عَنِ الْمُنْكَرِ، وَبِطَانَةٌ لَا تَأْلُوهُ خَبَالًا، وَمَنْ يُوقَ بِطَانَةَ السُّوءِ فَقَدْ وُقِيَ.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئادەتتە چىقمايدىغان، سىرىتتا بىر كىممۇ ئۇچرىمايدىغان بىر ۋاقىتتا سىرىتقا چىقتى. رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى. رەسۇلۇللاھ: ئەبۇبەكرى سەن نىمىشقا كەلدىڭ؟ دېگەن ئىدى ئەبۇبەكرى: مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، دىدارىنى كۆرۈپ، سالاملىشاي دەپ كەلدىم دېدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى رەسۇلۇللاھ: ئۆمەر، سەن نىمىشقا كەلدىڭ؟ دېۋىدى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاچلىقتىن ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! دېدى. رەسۇلۇللاھ: مەنمۇ بىر ئاز ئاچلىق ھېس قىلدىم دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇچەيلەن ئەبۇلھەيسەم ئىبنى تەيھان ئەنسارىينىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى. ئەبۇلھەيسەم خورما دەرىخى ۋە قويى كۆپ

ئادەم بولۇپ خىزمەتكارلىرى يوق ئىدى. ئۇلار يېتىپ كەلگىنىدە ئەبۇلھەيسەم ئۆيىدە يوق بولۇپ چىقتى. ئۇلار ئايالىغا: يولدىشىڭىز قېنى؟ دېگىنىدە ئايالى: تاتلىق سۇ تېپىپ كېلەي دەپ چىقىپ كەتكەن دېدى. شۇ ئارىدا ئەبۇلھەيسەم بىر تۇلۇمنى تەستە كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ تۇلۇمنى قويۇپ: ئاتا ئانام پىدا بولسۇن دېگىنىچە كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قۇچاقلىدى. سالامدىن كېيىن ئۇلارنى باغقا باشلاپ چىقىپ بىر بىساتنى سالدى. ئارقىدىن بىر تۇپ خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېتىپ ئۇنىڭدىن بىر ساپاق خورمىنى ئۈزۈپ ئەكىلىپ قويدى. پەيغەمبىرىمىز: بىزگە ئۇنىڭ پىشقانلىرىنى تاللاپ ئۈزۈپ كەلسەڭ بولماسمىدى؟ دېگەن ئىدى ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى خورمىنىڭ پىشقانلىرىنى ۋە غورىلىرىنى ئۆزۈڭلارنى تاللاپ ياكى ئىلغاپ يېسۇن دەپ ئويلىدىم دېدى. ئۇلار خورمىنى يەپ، ئەبۇلھەيسەم ئىلىپ كەلگەن سۇدىن ئىچىشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ سىلەر قىيامەت كۈنى سورىلىدىغان نىئمەتتۇر. سالقىن سايە، ئېسىل خورما، مۇزدەك سۇ ـ دېدى. ئەبۇلھەيسەم كېتىپ تاماققا تۇتۇش قىلماقچى بولغان ئىدى رەسۇلۇللاھ: سېغىنلىق مالنى سويۇپ يۈرمىگىن دېدى. ئەبۇلھەيسەم كېتىپ بىر ئوغلاقنى ياكى بىر ئۆچكىنى سويۇپ (پىشۇرۇپ) ئىلىپ كەلدى. ئۇلار بىللە يېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەبۇلھەيسەمگە خىزمەتچىڭ بارمۇ؟ دېگەن ئىدى ئۇ: ياق، خىزمەتچىم يوق! دەپ جاۋاپ بەردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر بىزگە (مۇشرىكلار) ئولجا بولۇپ كەلسە بىر كەلگىنە

- دېدى. (ئۇزۇن ئۆتمەي) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىككىلا نەپەر ئولجا كەلگەن ئىدى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئەبۇلھەيسەم يېتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز: ئۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىۋالغىن دېدى. ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، سەن ماڭا تاللاپ بەرگىن دېدى. پەيغەمبىرىمىز «مەسلىھەت سېلىنغان ئادەم ئىشەنچىلىك دەپ ھېساپلانغان ئادەمدۇر. بۇنى ئال، مەن ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋغىنىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىل» دېدى. ئەبۇلھەيسەم خوتۇنىنىڭ قېشىغا كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىل! دېگەنلىكىنى يەتكۈزگەن ئىدى خوتۇنى: سىز رەسۇلۇللاھنىڭ دېگىنىنى ئۇ قۇلنى ئازات قىلىۋەتمەي تۇرۇپ ئەسلا تولۇق بەجا كەلتۈرەلمەيسىز دېدى. ئەبۇلھەيسەم: ئۇنداقتا ئۇ قۇل ئازاتتۇر دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئاللاھ ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر ئەۋەتسە، ۋە ياكى ئىز باسار چىقارسا، چوقۇم ئۇ كىشىنىڭ ئىككى سىردىشى بولىدۇ. بىرى ئۇنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ يامان ئىشتىن توسىدۇ. يەنە بىرى (ھەر قانداق) ئەسكىلىكتىن يانمايدۇ. يامان سىرداشتىن ساقلانغان ئادەم ئاللاھ ساقلىغان ئادەمدۇر.

مۇسلىم ۋە تۆت ھەدىسشۇناس رىۋايەت قىلغان

98. عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقَّاصٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: إِنِّي لَأَوَّلُ رَجل أَهْرَقَ دَمًا فِي سَبِيلِ اللهِ، وَإِنِّي لَأَوَّلُ رَجلٍ رَمَى بِسَهْمٍ فِي سَبِيلِ اللهِ لَقَدْ رَأَيْتُنِي أغزوا فِي الْعِصَابَةِ مِنْ أَصْحَابِ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ

وَسَلَّمَ مَا نَأْكُلُ إلاَّ وَرَقَ الشَجَرِ وَالْحُبْلَةَ حَتَّى تَقَرَّحَتْ أَشْدَاقُنَا وَإِنْ أَحَدُنَا لَيَضَعُ كَمَا تَضَعُ الشَّاةُ وَالبَعِيرُ وَأَصْبَحَتْ بَنُو أَسَدٍ يَعَزِّرُونَنِي فِي الدِّينِ، لَقَدْ خِبْتُ إذَنْ وَخَسِرْتُ وَضَلَ عَمَلِي.

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئاللاھ يولىدا تۇنجى قان تۆككەن ئادەممەن. مەن ئاللاھ يولىدا تۇنجى ئوقنى ئاتقان ئادەممەن. مېنىڭ شۇنداق يادىمدا، رەسۇلۇللاھنىڭ بىر بۆلۈك ساھابىلىرى بىلەن غازاتقا چىققان ئىدىم. بىز دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە ھۇبلە دەيدىغان بىر خىل ئوتنى يەيتتۇق جاۋغايلىرىمىز يارا بولۇپ كەتكەن ئىدى. (تەرەت قىلساق بىر نەسە يېمىگەچكە) قوي ۋە تۆگىدەك ماياقلايتتۇق. (مانا ئەمدى) ئەسەد جەمەتى ماڭا دىندا تەنبىھ بەرگۈدەك بولۇپتۇ. ئۇنداقتا مەن زىيان تارتقان تۇگەشكەن بولىمەن، ئەمىلىم بەربات بولغان بولىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

99. عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَقَدْ أُخِفْتُ فِي اللهِ وَمَا يَخَافُ أَحَدٌ، وَلَقَدْ أُوذِيتُ فِي اللهِ وَمَا يُؤْذَى أَحَدٌ، وَلَقَدْ أَتَتْ عَلَيَّ ثَلاثُونَ مِنْ بَيْنِ لَيْلَةٍ وَيَوْمٍ، وَمَا لِي وَلِبِلالٍ طَعَامٌ يَأْكُلُهُ ذُو كَبِدٍ، إلَّا شَيْءٌ يُوَارِيهِ إِبِطُ بِلالٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئاللاھ يولىدا ھېچكىمگە كەلمىگەن خەۋپكە دۇچ كەلدىم، مەن ئاللاھ يولىدا ھېچكىم تارتمىغان ئەزىيەتلەرنى تارتتىم. مەن بىلەن بىلال ئىككىمىزنىڭ بىلال قولتۇقىغا تىقسا كۆرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى يېمەكلىكتىن باشقا، بىر جىگەر ئىگىسى ئوزۇق قىلغۇدەك بىر نەرسە يوق ھالەتتە ئوتتۇز كۈن ئۆتكەن ۋاقىتلار بولدى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان

100. عَـنْ أَنَـسِ بْـنِ مَالِـكٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ: أَنَّ النَّـبِيَّ صـلى الله عليـه وسـلم لَـمْ يَجْتَمِـعْ عِنْـدَهُ غَـدَاءٌ وَلا عَشَـاءٌ مِـنْ خُبْـزٍ وَلَحْـمٍ ، إِلَّا عَـلَى ضَفَفٍ. قَالَ عَبْدُ اللهِ: قَالَ بَعْضُهُمْ : هُوَ كَثْرَةُ الأَيْدِي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىدە ئەتىگەن بولسۇن ياكى كەچتە بولسۇن نان بىلەن گۆشنىڭ بىللە يېيىلىشى چوقۇمكى قىستاڭچىلىقتا (ياكى مېھمان كەلگەندە) بولاتتى. مۇئەللىپنىڭ ئۇستازى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بەزىلەر زەفەف (قىستاڭچىلىق) سۆزىنى يەيدىغانلارنىڭ كۆپلىكى يەنى مېھمان دەپ ئىزاھلىغان.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە ئىبنى سەئد رىۋايەت قىلغان

# 21. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تائام يېيىشى ھەققىدە

101. عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا أَكَلَ طَعَامًا لَعِقَ أَصَابِعَهُ الثَّلاثَ .

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام يېسە ئۈچ بارمىقىنى يالىۋېتىدىغان ئىدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

102. عَنِ ابْنٍ لِكَعْبِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَأْكُلُ بِأَصَابِعِهِ الثَّلاثِ وَيَلْعَقُهُنَّ .

كەئب ئىبنى مالىكنىڭ بىر ئوغلى كەئبىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ بارمىقى بىلەن تائام يەيتتى ۋە بارماقلىرىنى يالىۋېتەتتى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

103. عَن أَنَس بْن مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُول: أُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِتَمْرٍ فَرَأَيْتُهُ يَأْكُلُ وَهُوَ مُقْعٍ مِنَ الْجُوعِ .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خورما كەلتۈرگەن ئىدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاچلىقنىڭ دەستىدىن زوڭزىيىپ ئولتۇرغان پېتى خورما يېگىنىنى كۆردۈم.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

## 22. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېگەن نېنى ھەققىدە

104. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنَّهَا قَالَتْ: مَا شَبِعَ آلُ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ خُبْزِ الشَّعِيرِ يَوْمَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ حَتَّى قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسى رەسۇلۇللاھ دۇنيادىن كەتكەنگە قەدەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇدا ئىككى كۈن ئارپا نېنىغا تويۇپ باقمىدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

105. عَنْ أَبِي أُمَامَةَ الْبَاهِلِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: مَا كَانَ يَفْضُلُ عَنْ أَهْلِ بَيْتِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خُبْزُ الشَّعِيرِ .

ئەبى ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ئارپا نېنى ئېشىپ قالمايتتى.

ئىمام ئەھمەد، مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى»دە رىۋايەت قىلغان

106. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَبِيتُ اللَّيَالِيَ الْمُتَتَابِعَةَ طَاوِيًا هُوَ وَأَهْلُهُ لَا يَجِدُونَ عِشَاءً وَكَانَ أَكْثَرُ خُبْزِهِمْ خُبْزَ الشَّعِيرِ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ۋە ئائىلىسى كەچلىك تائام يوق، ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە كۈن ئاچ قورساق ھالدا يېتىپ قالىدىغان ئىدى. كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ نېنى ئارپا نېنى ئىدى.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى»دە، ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

107. عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ قِيلَ لَهُ: أَكَلَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ النَّقِيَّ؟ يَعْنِي الْحُوَّارَى فَقَالَ سَهْلٌ: مَا رَأَى رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ النَّقِيَّ حَتَّى لَقِيَ اللَّهَ عَزَّ وَجَلَّ، فَقِيلَ لَهُ: هَلْ كَانَتْ لَكُمْ مَنَاخِلُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ

وَسَلَّمَ؟ قَالَ: مَا كَانَتْ لَنَا مَنَاخِلُ قِيلَ: كَيْفَ كُنْتُمْ تَصْنَعُونَ بِالشَّعِيرِ؟ قَالَ: كُنَّا نَنْفُخُهُ فَيَطِيرُ مِنْهُ مَا طَارَ ، ثُمَّ نَعْجِنُهُ .

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇنىڭغا بىر كىشى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاق ئۇن يېگەندۇ؟! دېگەن ئىدى، سەھل مۇنداق دېدى: (يېيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكەنگە قەدەر ئاق ئۇن كۆرمىگەن. بىر ئادەم سەھلدىن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە ئەلگەك بارمىدى؟ دەپ سورىغان ئىدى ئۇ: بىزدە ئەلگەك مەۋجۇت ئەمەس ئىدى دېدى. بىر ئادەم: ئارپىنى قانداق قىلاتتىڭلار؟ دەپ سورىغان ئىدى ئۇ: بىز (ياغۇنچاقتا ئېزىلگەن) ئارپىنى پۈۋلەيتتۇق، (كېپەكنىڭ) ئۇچقانلىرى ئۇچۇپ كېتەتتى. ئاندىن (سۇ قۇيۇپ) خېمىر يۇغۇراتتۇق دېگەن.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

108. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: مَا أَكَلَ نَبِيُّ اللهِ عَلَى خِوَانٍ، وَلا فِي سُكُرَّجَةٍ، وَلا خُبِزَ لَهُ مُرَقَّقٌ قَالَ: فَقُلْتُ لِقَتَادَةَ: فَعَلامَ كَانُوا يَأْكُلُونَ؟ قَالَ: عَلَى هَذِهِ السُّفَرِ .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم شىرە ئۈستىدە تاماق يېگەن ئەمەس. كىچىك پىيالىلەردە (ئىشتىھا قوزغاتقۇچى قوشۇمچىلار بىلەن) تاماق يېگەن ئەمەس. رەسۇلۇللاھ ئۆچۈن (ئايرىم ئالاھىدە) نان يېقىپ بېرىلگەنمۇ ئەمەس. راۋىيلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: مەن قەتادەدىن: ئۇلار نېمىنىڭ ئۈستىدە تائام يەيتتى؟ دەپ سورىسام ئۇ: بۇ داستىخانلارنىڭ ئۈستىدە (تائام يەيتتى) دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە رىۋايەت قىلغان

# 23. رەسۇلۇللاھ يېگەن تۇزلۇقلۇقچى تائاملار ھەققىدە

109. عَـنْ عَائِشَـةَ رَضِـيَ اللهُ عَنْهـا أَنَّ رَسُـولَ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ قَـالَ: نِعْـمَ الإِدَامُ الْخَـلُّ. قَـالَ عَبْـدُ اللهِ بْـنُ عَبْـدِ الـرَّحْمَنِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فِي حَدِيثِهِ: نِعْمَ الإِدَامُ أَوِ الأُدْمُ الْخَلُّ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىركە نېمە دېگەن ياخشى تۇزلۇقلۇقچى[22] ھە؟!. ئابدۇللاھ

[22]. تۇزلۇقلۇقچى تائام دېگىنىمىزدە ئەجداتلار ئىستىمال قىلىپ كەلگەن بىر سۇغۇق تەبىئەتلىك تائام بىلەن ئىسسىق تەبىئەتلىك تائام، ياكى ئىسسىق تەبىئەتلىك تائام بىلەن سوغۇق تابىئەتلىك تائامنى بىللە يېيىش ئارقىلىق سوغۇق ياكى ئىسسىق تەبىئىتىنى تۈزەلتىپ، مۆتىدىل، زىيان قىلمايدىغان ھالەتكە ئەكىلىدىغان قوشۇمچە يېيىلىدىغان يېمەكلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىبنى ئابدۇرەھمان رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: سىركىلەر ياكى سىركە نىمە دېگەن ياخشى تۇزەلتكۇچى ھە؟! دېگەن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

110. عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: نِعْمَ الْإِدَامُ الأُدُمُ: الْخَلُّ.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىركە[23] نىمە دېگەن ياخشى تۇزەلتكۇچى ھە؟! دېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

111. عَنْ زَهْدَمٍ الْجَرْمِيِّ قَالَ: كُنَّا عِنْدَ أَبِي مُوسَى الأَشْعَرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَأُتِيَ بِلَحْمِ دَجَاجٍ فَتَنَحَّى رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ، فَقَالَ: مَا لَكَ؟ فَقَالَ: إِنِّي رَأَيْتُهَا تَأْكُلُ شَيْئًا فَحَلَفْتُ أَنْ لَا آكُلَهَا. قَالَ: اُدْنُ، فَإِنِّي رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَأْكُلُ لَحْمَ دَجَاجٍ. وَفِي

---

[23]. بۇ ھەقتە ئىبنۇلقەييىم ئەلجەۋزى «ئاخىرەت ئوزۇقى» دېگەن كىتاۋىنىڭ 4. توم 219. بېتىدە: رەسۇلۇللاھنىڭ سىركە ھەققىدە قىلغان بۇ سۆزى شۇ شارائىتتا سىركىنى ماختىغانلىق بولۇپ، ھەرگىزمۇ بەزى نادانلار چۈشەنگىنىدەك سىركە باشقا تۇزەلتكۇچىلەردىن ياخشى دېگەنلىك ئەمەس، ھەدىسنىڭ سەۋەبى رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى ئۆيىگە كىرگەن، ئۆيدىكىلەر بىر نەچچە پارچە نان چىقارغان، باشقا نەرسە سورىغىنىدا سىركىدىن باشقا نەرسە يوق بولۇپ چىققان. رەسۇلۇللاھ ئائىلىدىكىلەرگە تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن «سىركە نىمە دېگەن ياخشى تۇزەلتكۇچى ھە ؟!» دېگەن دەيدۇ.

رِوَايَةٍ عَنْ زَهْدَمٍ الْجَرْمِيِّ قَالَ: كُنَّا عِنْدَ أَبِي مُوسَى الأَشْعَرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: فَقَدَّمَ طَعَامَهُ وَقَدَّمَ فِي طَعَامِهِ لَحْمَ دَجَاجٍ وَفِي الْقَوْمِ رَجُلٌ مِنْ بَنِي تَيْمِ اللهِ أَحْمَرُ كَأَنَّهُ مَوْلًى، قَالَ: فَلَمْ يَدْنُ فَقَالَ لَهُ أَبُو مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أُدْنُ، فَإِنِّي قَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَكَلَ مِنْهُ. فَقَالَ: إِنِّي رَأَيْتُهُ يَأْكُلُ شَيْئًا، فَقَذِرْتُهُ فَحَلَفْتُ أَنْ لَا أَطْعَمَهُ أَبَدًا.

زەھدەم ئەلجەرمىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىينىڭ ھوزۇرىدا ئىدۇق. توخۇ گۆشى كەلتۈرۈلدى. بىر ئادەم بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇردى. ئەبۇ مۇسا ئۇنىڭدىن نىمە بولدۇڭ؟ دەپ سورىغان ئىدى ئۇ ئادەم: مەن توخۇنىڭ بىر نەرسە يەۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالغان ۋە گۆشىنى يىمەسلىك ھەققىدە قەسەم قىلىۋەتكەن ئىدىم دىدى. ئەبۇ مۇسا ئۇنىڭغا: (داستىخانغا) يېقىن كەل! مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توخۇ گۆشى يېگىنىنى كۆرگەن ئىدىم دىدى.

زەھدەمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىينىڭ ھوزۇرىدا ئىدۇق. ئۇ كىشى تائام كەلتۈردى. تائامى ئارىسىدا توخۇ گۆشى كەلتۈرۈلگەن ئىدى. سورۇندىكىلەر ئارىسىدا بەنى تەيمىللاھ جەمەتىدىن مەۋلا (ئازات قىلىنغان قۇللار ياكى باشقا يۇرتلۇقلار) غا ئوخشايدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. زەھدەم ئېيتىدۇ: ئۇ ئادەم تائامغا يېقىن كەلمىدى. ئەبۇ مۇسا ئۇنىڭغا: يېقىن كەل! مەن

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توخۇ گۆشى يېگىنىنى كۆرگەن دېدى. ئۇ ئادەم: مەن توخۇنىڭ بىر نەرسە يەۋاتقىنىنى كۆرۈپ سەسكىنىپ كەتكەن ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ توخۇ يېمەيمەن دەپ قەسەم ئىچكەن دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

112. عَنْ أَبِي أَسِيدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: كُلُوا الزَّيْتَ وَادَّهِنُوا بِهِ ، فَإِنَّهُ مِنْ شَجَرَةٍ مُبَارَكَةٍ .

ئەبى ئەسيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: زەيتۇن يېغى يەڭلار، زەيتۇن يېغى بىلەن مايلىنىڭلار. زەيتۇن يېغى مۇبارەك دەرەختىندۇر.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

113. عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: كُلُوا الزَّيْتَ وَادَّهِنُوا بِهِ ، فَإِنَّهُ مِنْ شَجَرَةٍ مُبَارَكَةٍ .

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: زەيتۇن يېغى يەڭلار. ئۇنىڭ بىلەن مايلىنىڭلار. زەيتۇن يېغى مۇبارەك دەرەختىندۇر.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

114. عَـنْ أَنَـسِ بْـنِ مَالِـكٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ قـال: كَانَ النَّـبِيُّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ يُعْجِبُـهُ الـدُّبَّاءُ فَـأُتِيَ بِطَعَـامٍ أَوْ دُعِـيَ لَـهُ فَجَعَلْتُ أَتَتَبَّعُـهُ، فَأَضَعُهُ بَيْنَ يَدَيْهِ لِمَا أَعْلَمُ أَنَّهُ يُحِبُّهُ.

وَفِي رِوَايَـةٍ عَـنْ أَنَـسِ بْـنِ مَالِـكٍ يَقُـولُ: إِنَّ خَيَّاطًـا دَعَـا رَسُـولَ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ لِطَعَـامٍ صَـنَعَهُ، قَـالَ أَنَـسٌ: فَـذَهَبْتُ مَـعَ رَسُـولِ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ إِلَى ذَلِـكَ الطَّعَـامِ، فَقَـرَّبَ إِلَى رَسُـولِ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ خُبْـزًا مِـنْ شَـعِيرٍ، وَمَرَقًـا فِيـهِ دُبَّـاءٌ وَقَدِيـدٌ، قَـالَ أَنَـسُ: فَرَأَيْـتُ النَّـبِيَّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ يَتَتَبَّـعُ الـدُّبَّاءَ حَـوَالَيِ الْقَصْعَةِ وَكَانَ يُحِبُّ الدُّبَّاءَ فَلَمْ أَزَلْ أُحِبُّ الدُّبَّاءَ مِنْ يَوْمِئِذٍ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كاۋا يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. تائام كەلتۈرۈلدى، ياكى بىر كىشى رەسۇلۇللاھنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كاۋىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە كاۋىنى قاچىدىن ئاختۇرۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا قويۇپ قوياتتىم.

ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا: بىر تىككۈچى رەسۇلۇللاھنى تاماق قىلىپ چاقىرىۋالدى. مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئۇ زىياپەتكە باردىم. ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئارپا نېنى بىلەن شورپا ئېلىپ كەلدى. شورپىدا كاۋا

بىلەن سۈرلەنگەن گۆش بار ئىدى. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قاچىدىكى كاۋىنى تېرىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. رەسۇلۇللاھ كاۋىنى ياخشى كۆرەتتى. مەن شۇ كۈندىن باشلاپ كاۋىنى ياخشى كۆرۈپ كەلمەكتىمەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

115. عَنْ حَكِيمِ بْنِ جَابِرٍ عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: دَخَلْتُ عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَرَأَيْتُ عِنْدَهُ دُبَّاءً يُقَطَّعُ، فَقُلْتُ: مَا هَذَا؟ قَالَ: نُكَثِّرُ بِهِ طَعَامَنَا.

ھەكىم ئىبنى جابىردىن ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ، دادىسى مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەن ئىدىم. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىدە بىرسى كاۋا پارچىلاۋاتاتتى. مەن بۇ نىمە؟ دىسەم ئۇ: بۇ ئارقىلىق تائامىمىزنى جىقلىتىمىز دېدى.

تىرمىزى مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان جابىر ـ جابىر ئىبنى تارىق دېگەن كىشىدۇر. ئىبنى ئەبى تارىقمۇ دېيىلىدۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ موشۇ ھەدىيىستىن باشقا ھەدىيسى بارلىقىنى بىلمەيمىز.

ئىبنى ماجە، ئەبۇشەيخ ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان

116. عَـنْ عَائِشَـةَ رَضِـيَ اللهُ عَنْهـا قَالَـتْ: كَانَ النَّـبِيُّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلَّمَ يُحِبُّ الْحَلْوَاءَ وَالْعَسَلَ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاتلىق تۇرۇملەر ۋە ھەسەلنى ياخشى كۆرەتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

117. عَـنْ عَطَـاءِ بْـنِ يَسَـارٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ أَنَّ أُمَّ سَـلَمَةَ رَضِـيَ اللهُ عَنْهـا أَخْبَرَتْـهُ، أَنَّهَـا قَرَّبَـتْ إِلَى رَسُـولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ جَنْبًـا مَشْوِيًّا، فَأَكَلَ مِنْهُ، ثُمَّ قَامَ إِلَى الصَّلاةِ وَمَا تَوَضَّأَ.

ئەتا ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەتاغا سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن، ئۇممۇ سەلەمە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر كاۋاپ قىلىنغان بىقىننى كەلتۈرگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن بىر ئاز يېگەندىن كېيىن نامازغا قوپقان، تاھارەت ئالمىغان.

ئىمام ئەھمەد، مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

118. عَـنْ عَبْـدِ اللهِ بْـنِ الْحَـارِثِ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ قَـالَ: أَكَلْنَـا مَـعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شِوَاءً فِي الْمَسْجِدِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەسجىدتە كاۋاپ يېگەن ئىدۇق.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان

119. عَنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: ضِفْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَاتَ لَيْلَةٍ، فَأُتِيَ بِجَنْبٍ مَشْوِيٍّ، ثُمَّ أَخَذَ الشَّفْرَةَ فَجَعَلَ يَحُزُّ فَحَزَّ لِي بِهَا مِنْهُ، قَالَ: فَجَاءَ بِلَالٌ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يُؤْذِنُهُ بِالصَّلَاةِ فَأَلْقَى الشَّفْرَةَ. فَقَالَ: مَا لَهُ تَرِبَتْ يَدَاهُ؟، قَالَ: وَكَانَ شَارِبُهُ قَدْ وَفَى، فَقَالَ لَهُ: أَقُصُّهُ لَكَ عَلَى سِوَاكٍ أَوْ قُصَّهُ عَلَى سِوَاكٍ .

مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر كەچتە زىياپەتتە بىللە بولدۇم. كاۋاپ قىلىنغان بىقىنىنى كەلتۈرۈلدى. ئارقىدىن رەسۇلۇللاھ پىچاقنى ئېلىپ كېسىشكە باشلىدى. ماڭىمۇ كاۋاپتىن كېسىپ بەردى. مۇغىيرە مۇنداق دەيدۇ: بىلال ناماز ۋاقتى بولغىنىنى خەۋەر قىلىپ كەلگەن ئىدى رەسۇلۇللاھ : شورى قۇرىغۇر، نىمە بوپتۇ بۇنىڭغا؟! دەپ پىچاقنى تاشلاپ قويدى. مۇغىيرە مۇنداق دەيدۇ: (كەمىنىنىڭ) بۇرۇتى راسا ئۆسكەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ: مەن سېنىڭ بۇرۇتۇڭنى مىسۋاك بىلەن

(تەڭشەپ) قىسقارتىپ قوياي ھە؟! دېدى. ياكى بىر مىسۋاك بىلەن (تەڭشەپ) قىسقارتىۋالغىن ـ دېدى.

ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى «ئەلكۇبرا» دېگەن كىتاۋىدا رىۋايەت قىلغان

120. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أُتِيَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِلَحْمٍ، فَرُفِعَ إِلَيْهِ الذِّرَاعُ، وَكَانَتْ تُعْجِبُهُ، فَنَهَسَ مِنْهَا.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا گۆش كەلتۈرۈلۈپ، ئۇ زاتقا بىر ئالدى پۇت سۇنۇلدى. رەسۇلۇللاھ ئالدى پۇتنى ياخشى كۆرىدىغان ئىدى. ئۇ ئالدى پۇتتىن چىشلەپ يېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

121. عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُعْجِبُهُ الذِّرَاعُ، قَالَ: وَسُمَّ فِي الذِّرَاعِ، وَكَانَ يَرَى أَنَّ الْيَهُودَ هُمْ سَمُّوهُ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (قوينىڭ) ئالدى پۇتنى ياخشى كۆرىدىغان ئىدى. ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: (رەسۇلۇللاھ زەھەر بېرىپ قەستلەنگىنىدىمۇ)

زەھەرنى ئالدى پۇتقا سېلىپ بېرىلگەن ئىدى. ئابدۇللاھ رەسۇلۇللاھنى يەھۇدىيلار زەھەرلىگەن[24] دەپ قارايتتى.

ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەبۇ شەيخ رىۋايەت قىلغان

**122. عَنْ أَبِي عُبَيْدَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: طَبَخْتُ لِلنَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قِدْرًا، وَقَدْ كَانَ يُعْجِبُهُ الذِّرَاعُ، فَنَاوَلْتُهُ الذِّرَاعَ، ثُمَّ قَالَ: نَاوِلْنِي الذِّرَاعَ فَنَاوَلْتُهُ، ثُمَّ قَالَ: نَاوِلْنِي الذِّرَاعَ، فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، وَكَمْ لِلشَّاةِ مِنْ ذِرَاعٍ؟ فَقَالَ: وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْ سَكَتَّ لَنَاوَلْتَنِي الذِّرَاعَ مَا دَعَوْتُ.**

ئەبۇ ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

---

[24]. بۇ زەھەر سېلىش مەسىلىسىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: يەھۇدىيلار زەينەپ بىنتى ھارىس ئىسىملىك بىر ئايالنى كۈشكۈرتۈپ رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن زىياپەت تەييارلاتقان ۋە رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە قوي گۆشىگە زەھەر سالغان. رەسۇلۇللاھنىڭ قوينىڭ ئالدى پۇتىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە جىق زەھەر سالغان. رەسۇلۇللاھ بۇ گۆشتىن بىر چىشلەم چىشلىشى بىلەن ئاللاھ رەسۇلىغا زەھەر بارلىقىنى بىلدۈرۈپ رەسۇلۇللاھ ئاغزىدىكى گۆشنى تۈكۈرىۋەتكەن. ساھابىلاردىن بىشر ئىبنى بەرا ئىسىملىك كىشى شۇ قېتىم زەھەرلىك گۆشنى يېگەنلىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. كېيىن ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولغان. رەسولىمىز زەھەر سېلىش ۋەقەسىنى سۈرۈشتۈرگەن ئايال ئەينەن ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما رەسۇلۇللاھ بۇ ئايالنى جازالاش، ئەيىپلەش تۈرىدىكىلەردىن ھېچقايسىنى قىلمىغان. شۇ ئارىدا بىشرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى بىشرنىڭ قان دەۋاسىنى ئېچىپ، قانغا ـ قانغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال بىشرنى ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىپلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇخارىيدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە ئانىمىزغا خەيبەردە يېگەن شۇ زەھەرلىك گۆشنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانلىقىنى دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئۇچۇن قازان قايناتتىم. رەسۇلۇللاھ (قوينىڭ) ئالدى پۇتىنى ياخشى كۆرىدىغان ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھقا ئالدى پۇتتىن بىرنى سۇندۇم. ئارقىدىن رەسۇلۇللاھ «ئالدى پۇتنى ئېلىپ بەرگىن» دېدى. مەن ئىككىنچى بىرنى سۇندۇم. رەسۇلۇللاھ «ئالدى پۇتتىن يەنە بىرنى ئېلىپ بەرگىن» دېدى. مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىر قوينىڭ قانچە ئالدى پۇتى بولىدۇ؟ دېدىم. رەسۇلۇللاھ: جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن سۈكۈت قىلغان بولساڭ، مەن ئاللاھتىن تىلىسەملا، ماڭا ئالدى پۇتنى (قازاندىن ئېلىپ) سۇنىۋەرگەن بولاتتىڭ دېدى.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان، تەبەرانىيلار رىۋايەت قىلغان

123. عَنْ أُمِّ هَانِئٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: دَخَلَ عَلَيَّ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: أَعِنْدَكِ شَيْءٌ؟ فَقُلْتُ: لَا، إِلَّا خُبْزٌ يَابِسٌ، وَخَلٌّ فَقَالَ: هَاتِي، مَا أَقْفَرَ بَيْتٌ مِنْ أُدُمٍ فِيهِ الْخَلُّ.

ئۇممۇ ھانىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ (يېگۈدەك) بىر نەرسە بارمۇ؟ دېدى، مەن قۇرۇق نان بىلەن سىركىلا بار ئىدى دېسەم، رەسۇلۇللاھ: ئېلىپ كەلگىن، سىركە بار ئۆي تۇزەلتكۈچىسى (قوشۇمچە تامىقى) يوق ئۆي ھېساپلانمايدۇ دېدى.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

124. عَنْ أَبِي مُوسَى الأَشْعَرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: فَضْلُ عَائِشَةَ عَلَى النِّسَاءِ كَفَضْلِ الثَّرِيدِ عَلَى سَائِرِ الطَّعَامِ .

ئەبى مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللار ئالدىدىكى ئارتۇقچىلىقى قورداقنىڭ باشقا تائاملار ئالدىدىكى ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشاشتۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

125. عَنْ أَنَس بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: فَضْلُ عَائِشَةَ عَلَى النِّسَاءِ كَفَضْلِ الثَّرِيدِ عَلَى سَائِرِ الطَّعَامِ .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللار ئالدىدىكى ئارتۇقچىلىقى سەرىدنىڭ (قورداقنىڭ) باشقا تائاملار ئالدىدىكى ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشاشتۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

126. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ رَأَى رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَوَضَّأَ مِنْ أَكْلِ ثَوْرِ أَقِطٍ، ثُمَّ رَآهُ أَكَلَ مِنْ كَتِفِ شَاةٍ، ثُمَّ صَلَّى، وَلَمْ يَتَوَضَّأْ .

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ (سۈتتىن ياسالغان) قۇرۇتنى يېگەنلىكى

سەۋەپلىك تاھارەت ئالغانلىقىنى (ئىككى قولىنى يۇيۇپ ئېغىزىنى چايقىغانلىقىنى) كۆرگەن. كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ قوينىڭ تاغاق (گۆشى) نى يېگەنلىكىنى، ئاندىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرگەن.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى»دە، ئىبنى ماجە، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھىببانلار رىۋايەت قىلغان

127. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَوْلَمَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى صَفِيَّةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا بِتَمْرٍ وَسَوِيقٍ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفىيە بىلەن توي قىلغاندا خورما ۋە تالقان بىلەن زىياپەت بەرگەن ئىدى.

ئىمام ئەھمەد، مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

128. عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَتَانَا النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي مَنْزِلِنَا، فَذَبَحْنَا لَهُ شَاةً، فَقَالَ: كَأَنَّهُمْ عَلِمُوا أَنَّا نُحِبُّ اللَّحْمَ.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭكىگە كەلدى. بىز ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر

قوي سويدۇق. رەسۇلۇللاھ: بۇلار بىزنىڭ گۆشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنى بىلىۋالغاندەكلا - ھە؟! دېدى.

ئىمام ئەھمەد، دارىمى رىۋايەت قىلغان

129. عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَنَا مَعَهُ فَدَخَلَ عَلَى امْرَأَةٍ مِنَ الأَنْصَارِ، فَذَبَحَتْ لَهُ شَاةً فَأَكَلَ مِنْهَا، وَأَتَتْهُ بِقِنَاعٍ مِنْ رُطَبٍ فَأَكَلَ مِنْهُ، ثُمَّ تَوَضَّأَ لِلظُّهْرِ وَصَلَّى رَسُولُ الله صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، ثُمَّ انْصَرَفَ، فَأَتَتْهُ بِعُلالَةٍ مِنْ عُلالَةِ الشَّاةِ، فَأَكَلَ ثُمَّ صَلَّى الْعَصْرَ وَلَمْ يَتَوَضَّأْ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مېنى ھەمراھ قىلىپ چىقىپ ئەنسارىيلاردىن بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن قوي سويدى. رەسۇلۇللاھ قوينىڭ گۆشىدىن يېدى. ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر تاۋاق ھۆل خورما ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ خورما يېدى. ئاندىن پېشىن نامىزىغا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپ نامازدىن ياندى. بۇ چاغدا ساھىپخانا ئايال ئېشىپ قالغان گۆشتىن ئازراق گۆش ئېلىپ كەلگەن ئىدى رەسۇلۇللاھ يېدى. ئاندىن كېيىن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى، تاھارەت ئالمىدى.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

130. عَنْ أُمِّ الْمُنْذِرِ رَضِيَ اللهُ عَنْها قَالَتْ: دَخَلَ عَلَيَّ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَمَعَهُ عَلِيٌّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَلَنَا دَوَالٍ مُعَلَّقَةٌ، قَالَتْ: فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَأْكُلُ وَعَلِيٌّ مَعَهُ يَأْكُلُ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِعَلِيٍّ: مَهْ يَا عَلِيُّ! فَإِنَّكَ نَاقِةٌ، قَالَتْ: فَجَلَسَ عَلِيٌّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَالنَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَأْكُلُ، قَالَتْ: فَجَعَلْتُ لَهُمْ سِلْقًا وَشَعِيرًا، فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِعَلِيٍّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: مِنْ هَذَا فَأَصِبْ فَإِنَّ هَذَا أَوْفَقُ لَكَ.

ئۇممۇ مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمراھلىقىدا بىزنىڭ ئۆيگە كىردى. بىزنىڭ (ئۆيدە قۇرۇتۇش ئۈچۈن) ئېسىلغان خورما ساپاقلىرىمىز بار ئىدى. ئۇممۇ مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ خورما يېيىشكە باشلىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ يېيىشكە باشلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلىگە قاراپ: ئەلى، سەن (يېيىشتىن) توختا! سەن كېسەلدىن يېڭى ساقايدىڭ دېدى. ئۇممۇ مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئولتۇردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورما يەۋاتاتتى. مەن ئۇلار ئۈچۈن ئوتياش سېلىپ ئارپا قاينىتىپ بەردىم. رەسۇلۇللاھ : بۇنىڭغا تېگىش قىل، بۇ ساڭا راسا ماس كېلىدۇ ـ دېدى.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

131. عَنْ عَائِشَةَ أُمِّ الْمُؤْمِنِينَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَأْتِينِي فَيَقُولُ: أَعِنْدَكِ غَدَاءٌ؟ فَأَقُولُ: لَا، قَالَتْ: فَيَقُولُ: إِنِّي صَائِمٌ قَالَتْ: فَأَتَانِي يَوْمًا، فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، إِنَّهُ أُهْدِيَتْ لَنَا هَدِيَّةٌ، قَالَ: وَمَا هِيَ؟ قُلْتُ: حَيْسٌ، قَالَ: أَمَا إِنِّي أَصْبَحْتُ صَائِمًا، قَالَتْ: ثُمَّ أَكَلَ.

ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭكىگە كىرىپ ناشتىلىق بارمۇ؟ دەيتتى. مەن: يوق، دىسەم رەسۇلۇللاھ: مەن (ئەمىسە نەفلە) رامىزان تۇتتۇم دەيدىغان ئىدى. بىر كۈنى مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلدى، مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، بىزگە بىر ھەدىيە بېرىلگەن ئىدى- دېدىم. رەسۇلۇللاھ نىمە ھەدىيە؟ دېدى مەن ھەيس (خورما، ئۇن، مايدا ئېتىلىدىغان تاماق) دېدىم. بىلسەڭ، مەن ئەسلى (نەفلە) روزىدار[25] ئىدىم ــ دېدى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن رەسۇلۇللاھ (ئۇ تاماقتىن) يېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

[25]. بۇ ھەدىستىن ئالىملار كېچىدە نىيەت قىلىش شەرت قىلىنىدىغان پەرز روزىنىڭ ئەكسىچە نەپلە روزا ئۈچۈن كېچىدە نىيەت قىلىشنىڭ شەرت قىلىنمايدىغانلىقىنى، نەپلە روزىغا سەھەردىن باشلاپ بىر نەرسە يېمىگەنلا بولسا كۈندۈزى نىيەت قىلسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا كۈندۈزنىڭ قايسى قىسمىدا بولسۇن نەپلە روزىنى بۇزۇش ئىختىيارىنىڭ بارلىقىنى يەكۈنلىگەن.

132. عَـنْ أَنَـسٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ: أَنَّ رَسُـولَ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ كَـانَ يُعْجِبُـهُ الثُّفْـلُ، قَـالَ عَبْـدُ اللهِ رَضِـيَ اللهُ عَنْهُ: يَعْنِي مَا بَقِيَ مِنَ الطَّعَامِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيماقنى ياخشى كۆرەتتى. ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: يەنى (قازاننىڭ ئاستىدا) قالغان تاماقنى ياخشى كۆرەتتى.

ئىمام ئەھمەد، ھاكىم ۋە ئەبۇششەيخ رىۋايەت قىلغان

## 24. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تائام يېيىش ئالدىدا قول يۇيغانلىقى ھەققىدە

133. عَـنِ ابْـنِ عَبَّـاسٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ أَنَّ رَسُـولَ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ خَـرَجَ مِـنَ الْخَـلاءِ فَقُـرِّبَ إِلَيْـهِ الطَّعَـامُ، فَقَـالُوا: أَلَا نَأْتِيـكَ بِوَضُـوءٍ؟ قَـالَ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ: إِنَّمَـا أُمِرْتُ بِالْوُضُوءِ إِذَا قُمْتُ إِلَى الصَّلاةِ.

ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

خالادىن چىققان ئىدى. ئۇ زاتقا تائام كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر: تاھارەتكە سۇ ئەپكەلمەيلىمۇ؟ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: مەن نامازغا قوپقان چاغدىلا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلدۇم - دېدى.

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇمدىمەن؟! دېگەن ئىدى.

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە رىۋايەت قىلغان

## 25. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تائامدىن بۇرۇن ۋە تائامدىن كېيىن دېگەنلىرى ھەققىدە

134. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِذَا أَكَلَ أَحَدُكُمْ، فَنَسِيَ أَنْ يَذْكُرَ اللَّهَ تَعَالَى عَلَى طَعَامِهِ، فَلْيَقُلْ: بِسْمِ اللهِ أَوَّلَهُ وَآخِرَهُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائام يەپ، تائامغا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى (بىسمىللاھ) ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا «بېشىدىمۇ ۋە ئاخىرىدىمۇ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېسۇن.

مۇئەللىپ«سۈنەنۇتتىرمىزى»دە، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى كەلتۈرگەن

135. عَـنْ عُمَـرَ بْـنِ أَبِي سَـلَمَةَ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ أَنَّـهُ دَخَـلَ عَـلَى رَسُـولِ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ وَعِنْـدَهُ طَعَـامٌ، فَقَـالَ: أُدْنُ يَـا بُـنَيَّ، فَسَـمِّ اللهَ تَعَالَى، وَكُلْ بِيَمِينِكَ، وَكُلْ مِمَّا يَلِيكَ.

ئۆمەر ئىبنى ئەبى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا كىرگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا تائام بار ئىكەن. پەيغەمبىرىمىز: ئوغلۇم، بېرى كەل. بىسمىللاھ دېگىن. ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىڭدىن ئېلىپ يېگىن دېگەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

136. عَنْ أَبِي أُمَامَةَ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ قَـالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلَّمَ إِذَا رُفِعَتِ الْمَائِدَةُ مِنْ بَـيْنِ يَدَيْـهِ يَقُـولُ: الْحَمْـدُ لِلَّهِ حَمْـدًا كَثِـيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ، غَيْرَ مُودَّعٍ، وَلا مُسْتَغْنًى عَنْهُ رَبُّنَا.

ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىدىن داستىخان يىغىلغاندا مۇنداق دەيدىغان ئىدى: « اَلْحَمْـدُ لِلَّهِ حَمْـدًا كَثِـيرًا طَيِّبًـا مُبَارَكًـا فِيـهِ، [غَـيْرَ مَكْفِـيٍّ] وَلاَ مُـودَّعٍ، وَلامُسْـتَغْنًى عَنْـهُ رَبُّنَـا» ئاللاھقا كۆپ، ئېسىل، ئىچىدە مۇبارەكلىك بولغان ھەمدىلەر بولسۇن. ئۇ ئاللاھ

باشقىسى ئورنىنى باسالمايدىغان، (بىز دائىما) ھاجەتمەن بولۇپ تۇرىدىغان، ھەممە موھتاج بولغان زاتتۇر. (ئۇ ئاللاھ) بىزنىڭ رەببىمىزدۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە رىۋايەت قىلغان

137. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْها قَالَتْ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَأْكُلُ الطَّعَامَ فِي سِتَّةٍ مِنْ أَصْحَابِهِ. فَجَاءَ أَعْرَابِيٌّ، فَأَكَلَهُ بِلُقْمَتَيْنِ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَوْ سَمَّى لَكَفَاكُمْ.

ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتە ساھابە بىلەن تائام يەۋاتقان ئىدى. بىر قىرلىق ئەرەپ كېلىپ ئۇ تائامدىن ئىككى لوقما يېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەگەر ئۇ «بىسمىللاھ»[26] دېگەن بولسا ئۇ تائام سىلەرگە يەتكەن بولاتتى دېدى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

[26]. بىسمىللاھ سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن...» دىن ئىبارەت بولۇپ يېيىش ئالدىدا بىسمىللاھ دېيىلسە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن يېيىشنى باشلايمەن. ئىچىش ئالدىدا دېيىلسە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئىچىشنى باشلايمەن دېگەن بولىدۇ. مۇسۇلمان قانداق بىر ئىش ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا «بىسمىللاھ» دېسە شۇ مەزكۇر ئىشنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن دېگەن بولىدۇ. شۇڭا ھەر ئىشنىڭ بېشىدا بىسمىللاھ دېيىش ئەستىن چىقماسلىقى، شۇنداقلا ئەۋلاتلارنىڭ قەلبىگە مۇستەھكەم ئورنىتىشقا ھەم سەل قارالماسلىقى لازىم.

138. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ اللهَ لَيَرْضَى عَنِ الْعَبْدِ أَنْ يَأْكُلَ الأَكْلَةَ ، أَوْ يَشْرَبَ الشَّرْبَةَ فَيَحْمَدَهُ عَلَيْهَا .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئاللاھ تائالا تائام يەپ تائام بەرگىنىگە ئاللاھقا ھەمدە ئېيتقان، ياكى ئىچىملىك ئىچىپ، ئىچىملىك بەرگىنىگە ئاللاھقا ھەمدە ئېيتقان بەندىدىن مەمنۇن بولىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

## 26. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشلەتكەن قاچىسى ھەققىدە

139. عَنْ ثَابِتٍ قَالَ: أَخْرَجَ إِلَيْنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَدَحَ خَشَبٍ غَلِيظًا مُضَبَّبًا بِحَدِيدٍ، فَقَالَ: يَا ثَابِتُ هَذَا قَدَحُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ .

سابىتتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە تۆمۈر چەمبەر بىلەن قاپلانغان، قوپال بىر ياغاچ قاچىنى

چىقىرىپ: سابىت! بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قاچىسىدۇر دېدى.

مۇئەللىپ رىۋايەت قىلغان، بۇخارى بىر ئاز پەرىق بىلەن رىۋايەت قىلغان

140. عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: لَقَدْ سَقَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِهَذَا الْقَدَحِ الشَّرَابَ كُلَّهُ، الْمَاءَ وَالنَّبِيذَ وَالْعَسَلَ وَاللَّبَنَ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇ، مېۋە شەربىتى، ھەسەل، سۈت قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى موشۇ قاچىدا بەرگەنمەن.

ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇششەيخ رىۋايەت قىلغان

## 27. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (يېگەن) مېۋە - چىۋىلىرى

141. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ جَعْفَرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ النَّبِيُّ عَلَيْهِ السَّلامُ يَأْكُلُ الْقِثَّاءَ بِالرُّطَبِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرخەمەكنى ھۆل خورما بىلەن يېگەن ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

142. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَكَلَ الْبِطِّيخَ بِالرُّطَبِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆل خورما بىلەن تاۋۇزنى بىرگە يېگەن ئىدى.

مۇئەللىپ«سۇنەنۇتتىرمىزى»دە، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

143. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَجْمَعُ بَيْنَ الْخِرْبِزِ وَالرُّطَبِ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوغۇن بىلەن ھۆل خورمىنى بىرگە يېگەنلىكىنى كۆردۇم.

ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

144. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ النَّاسُ إِذَا رَأَوْا أَوَّلَ الثَّمَرِ جَاءُوا بِهِ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، فَإِذَا أَخَذَهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: اللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِي ثِمَارِنَا، وَبَارِكْ لَنَا فِي مَدِينَتِنَا، وَبَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا وَفِي مُدِّنَا، اللَّهُمَّ إِنَّ

إِبْـرَاهِيمَ عَبْـدُكَ وَخَلِيلُـكَ وَنَبِيُّـكَ، وَإِنِّي عَبْـدُكَ وَنَبِيُّـكَ، وَإِنَّـهُ دَعَـاكَ لِمَكَّـةَ، وَإِنِّي أَدْعُـوكَ لِلْمَدِينَـةِ، بِمِثْـلِ مَـا دَعَـاكَ بِـهِ لِمَكَّـةَ وَمِثْلِـهِ مَعَـهُ، قَالَ: ثُمَّ يَدْعُو أَصْغَرَ وَلِيدٍ يَرَاهُ، فَيُعْطِيهِ ذَلِكَ الثَّمَرَ .

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: ساھابىلار مېۋىنىڭ ئەڭ بۇرۇن پىشقانلىرىنى كۆرۈشسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېلىپ كېلىشەتتى. رەسۇلۇللاھ مېۋىنى قولغا ئېلىپ: ئى ئاللاھ بىزگە مېۋىلىرىمىزدە بەرىكەت بەرگىن. مەدىنىمىزگە بەرىكەت بەرگىن. تارازا ـ كەمچەنلىرىمىزدە بەرىكەت بەرگىن. ئى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىبراھىم سېنىڭ بەندەڭ، سېنىڭ دوستۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭدۇر. مەن سېنىڭ بەندەڭ، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭمەن. ئۇ سەندىن مەككە ئۈچۈن تىلەك تىلىگەن ئىدى. مەن سەندىن مەدىنە ئۈچۈن ئۇنىڭ تىلىگىنىدەك ۋە يەنە (ئارتۇق) بىر ھەسسە تىلەيمەن دەيدىغان ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئارقىدىن رەسۇلۇللاھ كۆزىگە چېلىققان ئەڭ كىچىك بالىنى چاقىرىپ، ئۇ يېڭى مېۋىنى شۇ بالىغا بېرەتتى.

ئىمام مۇسلىم ۋە مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە رىۋايەت قىلغان

## 28. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىچىملىكلىرى ھەققىدە

145. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْها قَالَتْ: كَانَ أَحَبَّ الشَّرَابِ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْحُلْوُ الْبَارِدُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ياقتۇرۇپ ئىچىدىغان ئىچىملىك تاتلىق، سوغۇق بولغان ئىچىملىك ئىدى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

146. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: دَخَلْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَا وَخَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَلَى مَيْمُونَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْها، فَجَاءَتْنَا بِإِنَاءٍ مِنْ لَبَنٍ، فَشَرِبَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَنَا عَلَى يَمِينِهِ، وَخَالِدٌ عَلَى شِمَالِهِ، فَقَالَ لِي: الشَّرْبَةُ لَكَ، فَإِنْ شِئْتَ آثَرْتَ بِهَا خَالِدًا، فَقُلْتُ: مَا كُنْتُ لأُوثِرَ عَلَى سُؤْرِكَ أَحَدًا، ثُمَّ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ أَطْعَمَهُ اللَّهُ طَعَامًا، فَلْيَقُلِ: اللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيهِ، وَأَطْعِمْنَا خَيْرًا مِنْهُ، وَمَنْ سَقَاهُ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ لَبَنًا فَلْيَقُلِ: اللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيهِ، وَزِدْنَا مِنْهُ ثُمَّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَيْسَ شَيْءٌ يُجْزِئُ مَكَانَ الطَّعَامِ وَالشَّرَابِ غَيْرُ اللَّبَنِ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ۋە خالىد ئىبنى ۋەلىد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۇ بىزگە بىر قاچا سۈت ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ سۈتتىن بىر ئاز ئىچتى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ يېنىدا، خالىد بولسا سول يېنىدا ئولتۇرغان ئىدۇق. رەسۇلۇللاھ ماڭا: ئىچىش سېنىڭ (نۆۋىتىڭ، ھەققىڭ) سەن قوشۇلساڭ خالىدقا باشتا بەرسەم دېدى. مەن: مەن سىلىدىن ئاشقان سۈتنى باشقا بىر كىمگە ئۆتۈنۈپ بېرەلمەيمەن دېدىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: بىر كىشىگە ئاللاھ تائام بەرگەن بولسا ئۇ ئادەم: «اللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيهِ، وَأَطْعِمْنَا خَيْرًا مِنْهُ» ئى ئاللاھ، بىزگە بۇ تائامدا بەركەت بەرگىن، بىزگە ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەرگىن دېسۇن. ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە سۈت بەرگەن بولسا ئۇ ئادەم: «اللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيهِ، وَزِدْنَا مِنْهُ» ئى ئاللاھ بىزگە بۇ (سۈتتە) بەركەت بەرگىن ۋە ئۇنى كۆپەيتىپ بەرگىن دېسۇن. ئاندىن ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈتتىن باشقا ھېچبىر نەرسە (ھەم) يېمەكلىك (ھەم) ئىچىملىكنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

## 29. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۇ ئىچىش شەكلى ھەققىدە

147. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَقَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ زَمْزَمَ، فَشَرِبَ وَهُوَ قَائِمٌ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەمزەم سۈيى تۇتتۇم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرغان ھالدا ئۇ سۇنى ئىچتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

148. عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُم قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَشْرَبُ قَائِمًا وَقَاعِدًا.

ئەمر ئىبنى شۇئەيبدىن، ئۇ دادىسىدىن ، دادىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلغان، بوۋىسى مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆرە تۇرغان ۋە ئولتۇرغان ھالدا ( ئىچىملىك ) ئىچكەنلىكىنى كۆردۈم.

مۇئەللىپ "سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

149. عَنِ النَّزَّالِ بْنِ سَبْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أُتِيَ عَلِيٌّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ بِكُوزٍ مِنْ مَاءٍ وَهُوَ فِي الرَّحْبَةِ، فَأَخَذَ مِنْهُ كَفًّا فَغَسَلَ يَدَيْهِ، وَمَضْمَضَ وَاسْتَنْشَقَ، وَمَسَحَ وَجْهَهُ وَذِرَاعَيْهِ وَرَأْسَهُ، ثُمَّ شَرِبَ

وَهُوَ قَائِمٌ، ثُمَّ قَالَ: هَذَا وُضُوءُ مَنْ لَمْ يُحْدِثْ، هَكَذَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَعَلَ.

نەززال ئىبنى سەبرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ رەھبە دېگەن جاي (رەھبە بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا چوڭ مەيدان مەنىسىدە) دا تۇرغاندا، بىر كىشى ئۇ زاتقا بىر كوزا سۇ ئەكىلىپ بەردى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر چاڭگال سۇ ئېلىپ ئىككى قولىنى يۇدى، ئاغزىنى چايقىدى بۇرنىغا سۇ ئالدى. يۈزى، ئىككى بىلىكى ۋە بېشىنى سىلىدى. ئاندىن ئۆرە تۇرغان هالدا ئۇ سۇدىن ئىچتى. ئاندىن ئۇ: بۇ تاهارەت سۇندۇرمىغان كىشىنىڭ تاهارىتىدۇر. (تاهارىتى بار كىشىنىڭ چاڭ ـ توزاندىن پاكلىنىشىدۇر.) مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن دېدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

150. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: كَانَ يَتَنَفَّسُ فِي الإِنَاءِ ثَلاثًا إِذَا شَرِبَ وَيَقُولُ: هُوَ أَمْرَأُ وَأَرْوَى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنەس مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم قاچىدا بىر نەرسە ئىچكەندە ئۈچ قېتىم

تىنىپ ئىچەتتى ۋە: ئۇ ئىچىملىكنى بەكرەك سىڭدۇرىدۇ ھەمدە تەشنالىقنى بەك قاندۇرىدۇ ـ دەيدىغان ئىدى.

ئىمام مۇسلىم، مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

151. عَنْ كَبْشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْها قَالَتْ: دَخَلَ عَلَيَّ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَشَرِبَ مِنْ قِرْبَةٍ مُعَلَّقَةٍ قَائِمًا. فَقُمْتُ إِلَى فِيهَا فَقَطَعْتُهُ.

كەبشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ، ئېسىپ قويۇلغان تۇلۇمدىن ئۆرە تۇرغان ھالدا سۇ ئىچتى. مەن قوپۇپ ئۇ تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى (تەۋەررۇك يادىكارلىق دەپ) كېسىۋالدىم.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى»دە، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

152. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دَخَلَ عَلَى أُمِّ سُلَيْمٍ رَضِيَ اللهُ عَنْها وَقِرْبَةٌ مُعَلَّقَةٌ. فَشَرِبَ مِنْ فَمِ الْقِرْبَةِ وَهُوَ قَائِمٌ. فَقَامَتْ أُمُّ سُلَيْمٍ إِلَى رَأْسِ الْقِرْبَةِ فَقَطَعَتْهَا.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قېشىغا كىرگەن. بىر تۇلۇم

ئىستىقلىق ھالدا ئىكەن. رەسۇلۇللاھ ئۆرە تۇرغان ھالدا تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن سۇ ئىچكەن. ئۇممۇ سۇلەيم قوپۇپ تۇلۇمنىڭ بېشىنى (رەسۇلۇللاھنىڭ ئېغىزى تەككەن يادىكارلىق دەپ ساقلاش مەقسىتىدە) كېسىۋالغان.

ئىمام ئەھمەد ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان

153. عَنْ عَائِشَةَ بِنْتِ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقَّاصٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا، عَنْ أَبِيهَا سَعْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَشْرَبُ قَائِمًا.

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرۇپ سۇ [27] ئىچىدىغان ئىدى.

تەھاۋى، تەبەرانى ۋە ئەبۇششەيخ رىۋايەت قىلغان

[27]. بۇ باپتىكى ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكى ۋە ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشتىن نەھى قىلغانلىقى ھەققىدىكى سەھىھ ھەدىسلەرنى ئۆلىمالار بىرلەشتۈرۈپ، نورمالدا ئولتۇرۇپ سۇ ئىچىشكە بۇيرۇلغانلىقىمىزنى، ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنىڭ ئۆرە تۇرۇپ يېمەكلىك يېيىشنىڭ ئەكسىچە ئولتۇرۇش ئىمكانى يوق، ياكى ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن قولايسىز شارائىتلاردا رۇخسەت قىلىنغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆرە تۇرۇپ بىر نەرسە يېيىشنىڭ بولسا ئومۇمەن چەكلەنگەنلىكىنى يەكۈنلىشىدۇ.

## 30. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتىر ئىشلىتىشى ھەققىدە

154. عَنْ مُوسَى بْنِ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ أَبِيهِ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ لِرَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سُكَّةٌ يَتَطَيَّبُ مِنْهَا .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى مۇسادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ دادىسى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇشپۇراق بويۇم ساقلايدىغان بىر شىشىسى بار ئىدى.

ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان

155. عَنْ ثُمَامَةَ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ: كَانَ أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ لَا يَرُدُّ الطِّيبَ، وَقَالَ أَنَسٌ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: إِنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ لَا يَرُدُّ الطِّيبَ .

سۇمامە ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (بىر كىم ھەدىيە قىلغان) خۇشپۇراق بويۇمنى رەت قىلمايدىغان ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇشپۇراق بويۇمنى رەت قىلمايدىغان ئىدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

156. عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: ثَلاثٌ لَاتُرَدُّ: الْوَسَائِدُ، وَالدُّهْنُ، وَاللَّبَنُ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەت قىلىنمايدىغان ئۈچ نەرسە بار: ئۇلار (مېھمانغا يۆلىنىپ ئولتۇرسۇن دەپ تۇتۇلغان) ياستۇق، (خۇشپۇراق بويۇم ھېسابلىنىدىغان) ياغلىنىدىغان ياغ ۋە سۈتتۇر.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

157. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: طِيبُ الرِّجَالِ مَا ظَهَرَ رِيحُهُ، وَخَفِيَ لَوْنُهُ، وَطِيبُ النِّسَاءِ مَا ظَهَرَ لَوْنُهُ وَخَفِيَ رِيحُهُ.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرلەرگە (مۇناسىپ) گىرىم بويۇمى پۇرىقى ئېنىق، رەڭگى يوشۇرۇن بولغان نەرسىدۇر. ئاياللارغا (مۇناسىپ) گىرىم بويۇمى بولسا رەڭگى ئېنىق، پۇرىقى يوشۇرۇن بولغان نەرسىدۇر.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

# 31. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلەش ئۇسلۇبى ھەققىدە

158. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْها قَالَتْ: مَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَسْرُدُ سَرْدَكُمْ هَذَا، وَلَكِنَّهُ كَانَ يَتَكَلَّمُ بِكَلامٍ بَيِّنٍ فَصْلٍ، يَحْفَظُهُ مَنْ جَلَسَ إِلَيْهِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەردەك بۇنداق جاۋۇلداپ سۆزلىمەيتتى. بەلكى ئۇ كىشى ئوچۇق، ئېنىق قىلىپ سۆزلەيدىغان ئىدى. (ئۇ كىشىنىڭ) سۆزىنى سۆھبەتتە ئولتۇرغانلا ئادەم ئېسىدە تۇتىۋالالايتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

159. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُعِيدُ الْكَلِمَةَ ثَلاثًا لِتُعْقَلَ عَنْهُ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەستە قالسۇن دەپ بىر سۆزنى ئۈچ مەرتە تەكرار دەيتتى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

# 32. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈلىشى ھەققىدە

160. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ جَزْءٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ قَالَ: مَا رَأَيْتُ أَحَدًا أَكْثَرَ تَبَسُّمًا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ .

ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس ئىبنى جەزئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ بەك كۆپ تەبەسسۇم قىلىدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم.
ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈلىشى پەقەتلا تەبەسسۇم ئىدى.

ئىمام ئەھمەد، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە ۋە ئەبۇششەيخ رىۋايەت قىلغان

161. عَنْ أَبِي ذَرٍّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنِّي لَأَعْلَمُ أَوَّلَ رَجُلٍ يَدْخُلُ الْجَنَّةَ، وَآخِرَ رَجُلٍ يَخْرُجُ مِنَ النَّارِ، يُؤْتَى بِالرَّجُلِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيُقَالُ: اعْرِضُوا عَلَيْهِ صِغَارَ ذُنُوبِهِ وَيُخَبَّأُ عَنْهُ كِبَارُهَا، فَيُقَالُ لَهُ: عَمِلْتَ يَوْمَ كَذَا وَكَذَا كَذَا، وَهُوَ مُقِرٌّ لَا يُنْكِرُ، وَهُوَ مُشْفِقٌ مِنْ كِبَارِهَا، فَيُقَالُ: أَعْطُوهُ مَكَانَ كُلِّ سَيِّئَةٍ عَمِلَهَا حَسَنَةً، فَيَقُولُ:

إِنَّ لِي ذُنُوبًا مَا أَرَاهَا هَاهُنَا، قَالَ أَبُو ذَرٍّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: فَلَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ضَحِكَ حَتَّى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ.

ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: مەن جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان، دوزاختىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان ئادەمنى بىلىمەن. قىيامەت كۈنى بىر ئادەمنى كەلتۈرۈلۈپ: ئۇنىڭغا كىچىك گۇناھلىرىنى كۆرسىتىڭلار دېيىلىدۇ. چوڭ گۇناھلىرى يېپىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭغا: سەن پالانى كۈنى ماۋۇ ئىشنى قىلدىڭ دېيىلىدۇ. ئۇ گۇناھى كەبىيرىلەرنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغاچقا ئىنكار قىلماستىن ئېتىراپ قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئادەمگە قىلغان ھەر بىر گۇناھىنىڭ ئورنىغا بىر ساۋاپ بېرىڭلار دېيىلىدۇ. بۇ گەپ بىلەن ئۇ: «مېنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىم بار ئېدى، بۇ يەردە كۆرمەيۋاتىمەن؟!» دەيدۇ.

ئەبۇ زەر مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە كۈلگىنىنى كۆردۈم.

ئىمام مۇسلىم، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە رىۋايەت قىلغان

162. عَـنْ جَرِيـرِ بْـنِ عَبْـدِ اللهِ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ قَـالَ: مَـا حَجَبَـنِي رَسُـولُ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ مُنْـذُ أَسْـلَمْتُ، وَلا رَآنِي إِلَّا ضَـحِكَ وَفِي رِوَايَةٍ إِلَّا تَبَسَّمَ.

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن مۇسۇلمان بولغاندىن بۇيان مېنى (كۆرۈشمەكچى بولسام) رەت قىلمىدى. مېنى كۆرسىلا كۈلەتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە: مېنى كۆرسىلا تەبەسسۇم قىلىدىغان ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

163. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنِّي لَأَعْرِفُ آخِرَ أَهْلِ النَّارِ خُرُوجًا، رَجُلٌ يَخْرُجُ مِنْهَا زَحْفًا، فَيُقَالُ لَهُ: انْطَلِقْ فَادْخُلِ الْجَنَّةَ، قَالَ: فَيَذْهَبُ لِيَدْخُلَ الْجَنَّةَ، فَيَجِدُ النَّاسَ قَدْ أَخَذُوا الْمَنَازِلَ، فَيَرْجِعُ فَيَقُولُ: يَا رَبِّ، قَدْ أَخَذَ النَّاسُ الْمَنَازِلَ، فَيُقَالُ لَهُ: أَتَذْكُرُ الزَّمَانَ الَّذِي كُنْتَ فِيهِ، فَيَقُولُ: نَعَمْ، قَالَ: فَيُقَالُ لَهُ: تَمَنَّ، قَالَ: فَيَتَمَنَّى، فَيُقَالُ لَهُ: فَإِنَّ لَكَ الَّذِي تَمَنَّيْتَ وَعَشَرَةَ أَضْعَافِ الدُّنْيَا، قَالَ: فَيَقُولُ: تَسْخَرُ بِي وَأَنْتَ الْمَلِكُ قَالَ: فَلَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ضَحِكَ، حَتَّى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: مەن دوزاخ ئەھلىدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان ئادەمنى بىلىمەن، ئۇ بىر ئەر كىشى بولۇپ دوزاختىن ئۆمىلىگەن ھالدا چىقىدۇ. ئۇنىڭغا: بېرىپ جەننەتكە كىرگىن دېيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئۇ بېرىپ جەننەتكە كىرمەكچى بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئاللىقاچان ئورۇنلىرىغا جايلىشىپ بولغىنىنى كۆرۈپ قايتىپ دەيدۇكى: ئى رەببىم، باشقىلار ئاللىبۇرۇن ئورۇنلىشىپ بولۇپتۇ. ئۇنىڭغا شۇنداق دېيىلىدۇ: سەن ياشىغان زاماننى بىلەمسەن؟ ئۇ: ھەئە، دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: ئۇنىڭغا: ئارزۇ قىلغىن - دېيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ دېدى: ئۇ ئادەم ئارزۇ قىلىدۇ. (يەنى ئارزۇلىرىنى تامامىنى بىر قۇر بايان قىلىدۇ) ئۇ ئادەمگە: ساڭا ئارزۇ قىلغانلىرىڭ ۋە دۇنيانىڭ (نېئمەتلىرىنىڭ) ئون ھەسسىسى بېرىلىدۇ- دېيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: ئۇ ئادەم: سەن سەلتەنەت ئىگىسى(ئاللاھ) تۇرۇپ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ دەيدۇ. ئەنەس مۇنداق دېدى: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگۇدەك دەرىجىدە كۈلگىنىنى كۆردۈم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

164. عَنْ عَلِيِّ بْنِ رَبِيعَةَ قَالَ: شَهِدْتُ عَلِيًّا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أُتِيَ بِدَابَّةٍ لِيَرْكَبَهَا فَلَمَّا وَضَعَ رِجْلَهُ فِي الرِّكَابِ قَالَ: بِسْمِ اللهِ ، فَلَمَّا اسْتَوَى عَلَى

ظَهْرِهَا قَالَ: الْحَمْدُ لِلّٰهِ، ثُمَّ قَالَ: سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنْقَلِبُونَ، ثُمَّ قَالَ: الْحَمْدُ لِلّٰهِ ثَلَاثًا، وَاللَّهُ أَكْبَرُ ثَلَاثًا، سُبْحَانَكَ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي، فَاغْفِرْ لِي فَإِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ، ثُمَّ ضَحِكَ فَقُلْتُ: مِنْ أَيِّ شَيْءٍ ضَحِكْتَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ؟ قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ صَنَعَ كَمَا صَنَعْتُ ثُمَّ ضَحِكَ، فَقُلْتُ: مِنْ أَيِّ شَيْءٍ ضَحِكْتَ يَا رَسُولَ اللهِ؟ قَالَ: إِنَّ رَبَّكَ لَيَعْجَبُ مِنْ عَبْدِهِ إِذَا قَالَ: رَبِّ اغْفِرْ لِي ذُنُوبِي، إِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ غَيْرُكَ.

ئەلى ئىبنى رەبىئەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەن ئىدىم. ئۇ ئادەمگە مىنىشى ئۈچۈن بىر ھايۋان كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئۇزەڭگىگە پۇتىنى قويۇپ «بىسم اللە» ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (مىنىمەن) دېدى. تولۇق مىنىپ بولغاندا بولسا «ئەلھەمدۇلىللاھ» ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن دېدى. ئاندىن «سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنْقَلِبُونَ» ئاندىن كېيىن اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ ۋە اَللّٰهُ اَكْبَرُ نى ئۈچ مەرتە دېدى ۋە «سُبْحَانَكَ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي، فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ» «سېنى (ئەيىپ ـ نۇقسانلاردىن) پاك دەپ بىلىمەن. ھەقىقەتەن مەن ئۆز ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. مېنى مەغپىرەت قىلغىن. ھەقىقەتەنمۇ گۇناھلارنى پەقەت سەنلا

مەغپىرەت قىلىسەن» دېدى ۋە كۈلۈپ كەتتى. مەن: ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، نىمە سەۋەپتىن كۈلدىلە؟ دېگەن ئىدىم ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن قىلغانغا ئوخشاش قىلىپ ئاندىن كۈلۈپ كەتكەن ئىدى. مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، نىمە سەۋەپتىن كۈلدىلە؟ دېسەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: بىر بەندە ئاللاھتىن باشقا بىرسىنىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ «رَبِّ اغْفِرْ لِي ذُنُوبِي، إِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ غَيْرُكَ» ئى رەببىم، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن باشقىسى مەغپىرەت قىلمايدۇ ـ دېسە، ئاللاھ ئۇ بەندىدىن مەمنۇن بولىدۇ دېگەن ئىدى دېدى.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

## 33. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاقچاقلىرى ھەققىدە

165. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: إِنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَهُ: يَا ذَا الأُذُنَيْنِ. قَالَ مَحْمُودٌ: قَالَ أَبُو أُسَامَةَ: يَعْنِي يُمَازِحُهُ .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا «ھەي ئىككى قۇلاقلىق» دېگەن. مەھمۇد مۇنداق دېدى: ئەبۇ ئۇسامە: بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەنەسكە چاقچاق قىلىپ دېگىنىنى كۆرسىتىدۇ ـ دېگەن.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

166. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: إِنْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيُخَالِطُنَا حَتَّى يَقُولَ لأَخٍ لِي صَغِيرٍ: يَا أَبَا عُمَيْرٍ، مَا فَعَلَ النُّغَيْرُ؟. قَالَ أَبُو عِيسَى: وَفِقْهُ هَذَا الْحَدِيثِ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يُمَازِحُ وَفِيهِ أَنَّهُ كَنَّى غُلامًا صَغِيرًا فَقَالَ لَهُ: يَا أَبَا عُمَيْرٍ. وَفِيهِ أَنَّهُ لَا بَأْسَ أَنْ يُعْطَى الصَّبِيُّ الطَّيْرَ، لِيَلْعَبَ بِهِ وَإِنَّمَا قَالَ لَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: يَا أَبَا عُمَيْرٍ، مَا فَعَلَ النُّغَيْرُ؟ لِأَنَّهُ كَانَ لَهُ نُغَيْرٌ يَلْعَبُ بِهِ فَمَاتَ، فَحَزِنَ الْغُلامُ عَلَيْهِ فَمَازَحَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: يَا أَبَا عُمَيْرٍ، مَا فَعَلَ النُّغَيْرُ؟.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بىلەن شۇ دەرىجىدە ئارىلىشاتتىكى

مېنىڭ بىر ئېنىمگە «ئى ئەبۇ ئۇمەير، نىمە قىلدى نۇغەير؟»[28] دەيدىغان ئېدى.

مۇئەللىپ ئەبۇ ئىيسا تىرمىزى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاقچاق قىلىشىدىغانلىقى، بىر كىچىك بالىنى ئەبۇ ئۇمەير (ئۇمەيرنىڭ دادىسى) دەپ كىنايە قىلغانلىقى، كىچىك بالىلارغا ئوينىشى ئۈچۈن قۇش تۇتۇپ بەرسە بولىدىغانلىقى...دەك مەزمۇنلار بار. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بالىغا: ئى ئەبۇ ئۇمەير، نىمە قىلدى نۇغەير؟ (قۇش) دېيىشى، ئەسلىدە ئۇ بالىنىڭ ئوينايدىغان بىر قۇشى بار بولۇپ ئۇ قۇش ئۆلۈپ قالغان. بالا قۇشنىڭ ئۆلىمىگە قاتتىق ئازاپلانغان ئېدى. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاقچاق قىلىپ: ئى ئەبۇ ئۇمەير نىمە قىلدى نۇغەير؟! دېگەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

167. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، إِنَّكَ تُدَاعِبُنَا، قَالَ: إِنِّي لَا أَقُولُ إِلَّا حَقًّا.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر

[28]. قۇشقاچقا ئوخشايدىغان، بېشى بىلەن تۇمشۇقى قارا كەلگەن بىر خىل قۇش.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، سىلى بىز بىلەن ئوينىشىپ چاقچاق قىلىدىلا؟! دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (شۇنداق،) ئەمما مەن پەقەتلا ھەقنى دەيمەن دېدى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

168. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ رَجُلا اسْتَحْمَلَ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: إِنِّي حَامِلُكَ عَلَى وَلَدِ نَاقَةٍ، فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، مَا أَصْنَعُ بِوَلَدِ النَّاقَةِ؟ فَقَالَ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: وَهَلْ تَلِدُ الإِبِلَ إِلَّا النُّوقُ؟.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن (بىر جەڭگە چىقىش ئۈچۈن) تۆگىگە مىندۈرۈۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن سېنى چوقۇم بىر ئۇرغاچى (چىشى) تۆگىنىڭ بالىسىغا مىندۈرىمەن دېدى. ئۇ كىشى: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۇرغاچى تۆگىنىڭ بالىسىنى نېمە قىلاي؟ دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇغرا (ئەركەك) تۆگىنىمۇ ئۇرغاچى تۆگە تۇغمامدۇ؟! دېدى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە، ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان

169. عَـنْ أَنَـسِ بْـنِ مَالِـكٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ: أَنَّ رَجُـلا مِـنْ أَهْـلِ الْبَادِيَـةِ كَـانَ اسْـمُهُ زَاهِـرًا، وَكَـانَ يُهْـدِي إِلَى النَّـبِيِّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ هَدِيَّـةً مِـنَ الْبَادِيَـةِ، فَيُجَهِّـزُهُ النَّبِيُّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ إِذَا أَرَادَ أَنْ يَخْـرُجَ. فَقَـالَ النَّـبِيُّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ: إِنَّ زَاهِـرًا بَادِيَتُنَـا وَنَحْـنُ حَاضِـرُوهُ. وَكَـانَ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ يُحِبُّـهُ وَكَـانَ رَجُـلا دَمِيمًـا، فَأَتَـاهُ النَّـبِيُّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ يَوْمًـا وَهُـوَ يَبِيـعُ مَتَاعَـهُ وَاحْتَضَـنَهُ مِـنْ خَلْفِـهِ وَهُـوَ لَا يُبْصِـرُهُ، فَقَـالَ: مَـنْ هَـذَا؟ أَرْسِلْنِي، فَالْتَفَـتَ فَعَـرَفَ النَّـبِيُّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ فَجَعَـلَ لَا يَـأْلُو مَـا أَلْصَـقَ ظَهْـرَهُ بِصَـدْرِ النَّـبِيِّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ حِـينَ عَرَفَـهُ، فَجَعَـلَ النَّـبِيُّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ يَقُـولُ: مَـنْ يَشْـتَرِي هَـذَا الْعَبْـدَ؟ فَقَـالَ: يَـا رَسُـولَ اللهِ، إِذًا وَاللهِ تَجِـدُنِي كَاسِـدًا، فَقَـالَ النَّـبِيُّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ: لَكِنْ عِنْدَ اللهِ لَسْتَ بِكَاسِدٍ أَوْ قَالَ: أَنْتَ عِنْدَ اللهِ غَالٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: قىرلىـق ئەرەپلەردىـن زاھىـر ئىسـىملىك بىـر ئـادەم بـار ئىـدى. ئـۇ رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھـى ۋەسـەللەمگە سـەھرادىن سـوغات ئېلىـپ كېلىـدىغان، رەسۇلۇللاھ بولسـا ئـۇ سـەھراغا كەتمەكچـى بولسـا ئـۇنى لايىقـدا جابدۇپ يولغا

سالىدىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «زاھىر بىزنىڭ سەھرايىمىز، بىز ئۇنىڭ شەھىرى» دەيدىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ زاھىرنى ياخشى كۆرەتتى. زاھىر سەل كۆرۈمسىزرەك كەلگەن ئادەم ئىدى. بىر كۈنى زاھىر بازاردا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىۋاتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنمەستىن كېلىپ ئارقىدىن قۇچاقلاپ تۇتىۋالدى. زاھىر: كىم بۇ ؟! قويىۋەت! ـ دەپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپ، دۈمبىسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەيدىسىگە چىڭ چاپلاپ تۇرىۋالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسا: بۇ قۇلنى كىم ئالىدۇ؟! ـ دەيتتى. زاھىر: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئۇنداقتا (مېنى ساتماقچى بولسىلا) سىلى مېنىڭ بازىرىمنىڭ راستىنلا كاسات ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىلا ـ دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ: لېكىن سەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە كاسات ئەمەسسەن دېدى. ياكى: سەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قىممەتلىكسەن دېدى.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان

170. عَنِ الْحَسَنِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَتَتْ عَجُوزٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللهِ ادْعُ اللَّهَ أَنْ يُدْخِلَنِي الْجَنَّةَ، فَقَالَ: يَا أُمَّ فُلَانٍ إِنَّ الْجَنَّةَ لَا تَدْخُلُهَا عَجُوزٌ، قَالَ: فَوَلَّتْ تَبْكِي، فَقَالَ: أَخْبِرُوهَا أَنَّهَا لَا تَدْخُلُهَا وَهِيَ عَجُوزٌ، إِنَّ اللَّهَ تَعَالَى يَقُولُ: «إِنَّا أَنْشَأْنَاهُنَّ إِنْشَاءً، فَجَعَلْنَاهُنَّ أَبْكَارًا، عُرُبًا أَتْرَابًا».

ھەسەن بەسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: بىر ياشانغان ئايال كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئاللاھنىڭ مېنى جەننەتكە كىرگۈزىشى ئۈچۈن دۇئا قىلسىلا ـ دېگەن ئېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى پالانى خان! جەننەتكە قېرى خوتۇن كىرمەيدۇ» ـ دېدى. ئۇ ئايال يىغلىغان ھالدا ئارقىغا قاراپ ماڭغان ئېدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭلار، ئۇ ئايال جەننەتكە موشۇ قېرى ھالىتىدە كىرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «إِنَّا أَنْشَأْنَاهُنَّ إِنْشَاءً، فَجَعَلْنَاهُنَّ أَبْكَارًا، عُرُبًا أَتْرَابًا» (بىز ئۇ ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق. ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق» دېدى.

بەيھەقى ۋە بەغەۋى رىۋايەت قىلغان

# 34. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شېئىر ھەققىدە ئېيتقانلىرى

171. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: قِيلَ لَهَا: هَلْ كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَتَمَثَّلُ بِشَيْءٍ مِنَ الشِّعْرِ؟ قَالَتْ: كَانَ يَتَمَثَّلُ بِشِعْرِ ابْنِ رَوَاحَةَ ، وَيَتَمَثَّلُ بِقَوْلِهِ: وَيَأْتِيكَ بِالأَخْبَارِ مَنْ لَمْ تُزَوِّدِ .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭدىن بىر ئادەم: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شېئىرنى مىسال ئېلىپ كەلتۈرگەنمۇ؟ دەپ سورىغان، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ شېئىرىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدىغان ئىدى ۋە ( تەرەفە ئىبنى ئەبد دېگەن شائىرنىڭ:)

(سەن بىلمىگەن نەرسىنى كۈنلەر ساڭا بىلدۈرەر)
سەن كۈتمىگەن ئادەملەر ساڭا خەۋەر كەلتۈرەر .

دېگەن سۆزىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدىغان ئىدى دېدى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

172. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ أَصْدَقَ كَلِمَةٍ قَالَهَا الشَّاعِرُ كَلِمَةُ لَبِيدٍ: أَلَا كُلُّ شَيْءٍ مَا خَلَا اللَّهَ بَاطِلٌ، وَكَادَ أُمَيَّةُ بْنُ أَبِي الصَّلْتِ أَنْ يُسْلِمَ .

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: شائىر سۆزلىگەن سۆزنىڭ ئەڭ سەمىمىيسى (يەنە بىر رىۋايەتتە) ئەرەبلەر سۆزلىگەن ئەڭ شائىرانە سۆز لەبىد دېگەن شائىرنىڭ «بىلىپ قوي ئاللاھتىن باشقىسى باتىل» دېگەن سۆزىدۇر. ئۇمەييە ئىبنى ئەبى سەلت مۇسۇلمان بولايلا [29] دەپ قالغان ئىدى دېگەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

173. عَنْ جُنْدُبِ بْنِ سُفْيَانَ الْبَجَلِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَصَابَ حَجَرٌ إِصْبَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَدَمِيَتْ ، فَقَالَ:

هَلْ أَنْتِ إِلَّا إِصْبَعٌ دَمِيتِ

وَفِي سَبِيلِ اللهِ مَا لَقِيتِ

جۇندۇب ئىبنى سۇفيان ئەلبەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك بارمىقىغا تاش تېگىپ كېتىپ

---

[29]. ئۇمەييە ئىبنى ئەبى سەلت ھىجرەتنىڭ بەشىنچى يىلىدىن سەككىزىنچى يىلىغىچە ئارلىقتا ئۆلگەن جاھىلىيەت شائىرى بولۇپ بۇتپەرەستلىكنى رەت قىلىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشەنگەن بىرى ئىكەنلىكى مەلۇم. ئىسلام بىلەن ئۇچراشقان بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمان بولۇش شەرىپىگە نائىل بولالمىغان. تەپەككۇر قىلىدىغان ئىنسانلىقى، ھەق سۆيەرلىكى، ئادىللىقى، دۇرۇس سۆزلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇسۇلمان بولايلا دەپ قالغان ئادەم ئىدى دېگەن ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

قاناپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

سەن پەقەت بىر بارماقسەن قاناپ كەتكەن
ئاللاھنىڭ يولىدادۇر ساڭا يەتكەن

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

174. عَـنِ الْـبَرَاءِ بْـنِ عَـازِبٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ قَـالَ: قَـالَ لَـهُ رَجُـلٌ: أَفَـرَرْتُمْ عَـنْ رَسُـولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ يَـا أَبَـا عُمَـارَةَ؟ فَقَـالَ: لَا وَاللَّهِ مَـا وَلَّى رَسُـولُ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ وَلَكِـنْ وَلَّى سَـرَعَانُ النَّـاسِ، تَلَقَّـتْهُمْ هَـوَازِنُ بِالنَّبْـلِ، وَرَسُـولُ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ عَـلَى بَغْلَتِـهِ، وَأَبُـو سُـفْيَانَ بْـنُ الْحَـارِثِ بْـنِ عَبْـدِ الْمُطَّلِبِ رَضِـيَ اللهُ عَنْهُ آخِذٌ بِلِجَامِهَا، وَرَسُولُ اللهِ يَقُولُ:

أَنَا النَّبِيُّ لَا كَذِبْ
أَنَا ابْنُ عَبْدِ الْمُطَّلِبْ

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم بەراغا: ئەبۇ ئۇمارە! (بەرا ئىبنى ئازىبنىڭ تەخەللۇسى) سىلەر (ھۇنەين غازىتىدا) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاشلاپ قويۇپ قاچقانمىدىڭلار؟ ـ دېدى. بەرا ئىبنى ئازىب (جاۋاپ بېرىپ) مۇنداق دېدى: ئەزبىرايى ئۇنداق ئەمەس يوق، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ يانغىنى يوق. لېكىن كىشىلەرنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى ھەۋازىن مەرگەنلىرى ئوققا تۇتتى. ئۇلار ئارقىغا يېنىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئاق خېچىرىنىڭ ئۈستىدە ئېدى. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب خېچىرىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ (ئارقىغا تارتىپ) تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى:

مەن پەيغەمبەر يالغان ئەمەس
مەن ئابدۇلمۇتتەلىب ئوغلى (بەس)

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

175. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دَخَلَ مَكَّةَ فِي عُمْرَةِ الْقَضَاءِ، وَابْنُ رَوَاحَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَمْشِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَهُوَ يَقُولُ:

خَلُّوا بَنِي الْكُفَّارِ عَنْ سَبِيلِهِ
الْيَوْمَ نَضْرِبْكُمْ عَلَى تَنْزِيلِهِ
ضَرْبًا يُزِيلُ الْهَامَ عَنْ مَقِيلِهِ
وَيُذْهِلُ الْخَلِيلَ عَنْ خَلِيلِهِ

فَقَالَ لَهُ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: يَا ابْنَ رَوَاحَةَ بَيْنَ يَدِي رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَفِي حَرَمِ اللهِ تَقُولُ الشِّعْرَ؟! فَقَالَ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: خَلِّ عَنْهُ يَا عُمَرُ، فَلَهِيَ أَسْرَعُ فِيهِمْ مِنْ نَضْحِ النَّبْلِ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قازا ئۆمرىسىنى قىلغان يىلى مەككىگە كىرىپ كەلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا مېڭىپ مۇنداق دەيتتى:

ئەي كاپىر ئەۋلادى يول بوشىتىڭلار
بۈگۈن سىلەرنى ئۇرىمىز قۇرئان ئۈچۈن
بىر زەربە باشلارنى ئايرار ئورنىدىن
دوستنى دوستتىن ئايرىلىپ بولغاي يوچۈن

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەگە: ئەي ئىبنى رەۋاھە! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا، ئاللاھنىڭ ھەرىمىدە شېئىر ئوقۇيسەن؟! دېگىنىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئۆمەر، بولدى قىل. ئۇ شېئىر بۇ مۇشرىكلارغا ئوق تەككەندىنمۇ بەكرەك تېز (تەسىر قىلىدۇ) دېدى.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە، ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان.

176. عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: جَالَسْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَكْثَرَ مِنْ مِائَةِ مَرَّةٍ، وَكَانَ أَصْحَابُهُ يَتَنَاشَدُونَ الشِّعْرَ، وَيَتَذَاكَرُونَ أَشْيَاءَ مِنْ أَمْرِ الْجَاهِلِيَّةِ، وَهُوَ سَاكِتٌ وَرُبَّمَا تَبَسَّمَ مَعَهُمْ.

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن يۈز قېتىمدىن كۆپرەك بىللە ئولتۇرۇش قوپۇش قىلدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى شېئىر ئوقۇشاتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىر تۈركۈم ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈكۈت قىلغان ھالدا ئىدى. بەزىدە ئۇلار بىلەن بىللە تەبەسسۇم قىلىپ قوياتتى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

177. عَنْ عَمْرِو بْنِ الشَّرِيدِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: كُنْتُ رِدْفَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَنْشَدْتُهُ مِائَةَ قَافِيَةٍ مِنْ قَوْلِ أُمَيَّةَ بْنِ أَبِي الصَّلْتِ الثَّقَفِيِّ، كُلَّمَا أَنْشَدْتُهُ بَيْتًا، قَالَ لِي النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: "هِيهْ" حَتَّى أَنْشَدْتُهُ مِائَةً يَعْنِي بَيْتًا، فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنْ كَادَ لَيُسْلِمُ.

ئەمىر ئىبنى شەرىدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ، دادىسى مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنگەن ئۇلاغنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشكەن ئىدىم. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇمەييە ئىبنى ئەبى سەلت سەقەفىينىڭ يۈز مىسرا شېئىرىنى ئوقۇپ بەردىم. بىر بېيىت ئوقۇسام رەسۇلۇللاھ «يەنە!» دەيتتى. يۈز مىسرا شېئىر ئوقۇپ بىرىپ بولغىنىمدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (بۇ شائىر ئۇمەييە) مۇسۇلمان بولايلا دەپ قالغان ئىكەن دېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

178. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَضَعُ لِحَسَّانَ بْنِ ثَابِتٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ مِنْبَرًا فِي الْمَسْجِدِ يَقُومُ عَلَيْهِ قَائِمًا يُفَاخِرُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَوْ قَالَ: يُنَافِحُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَيَقُولُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ اللهَ يُؤَيِّدُ حَسَّانَ بِرُوحِ الْقُدُسِ مَا يُنَافِحُ أَوْ يُفَاخِرُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسسان ئىبنى سابىتقا ئۇستىدە ئۆرە تۇرۇپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن

پەخىرلىنىشى ئۈچۈن ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى (شېئىرلىرى ئارقىلىق) قوغدىشى ئۈچۈن مەسجىد ئىچىگە بىر مۇنبەر قويغۇزۇپ بېرىدىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ ھەسسانغا، ھەسسان ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى (شېئىرى بىلەن) قوغدايدىغان ياكى ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلەن پەخىر قىلىدىغانلا بولسا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ياردەم بېرىدۇ ـ دەيتتى.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە رىۋايەت قىلغان .

# 35. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پارىڭى ھەققىدە

## ئۇممۇ زەرئىنىڭ ھەدىسى

179. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: جَلَسَتْ إِحْدَى عَشْرَةَ امْرَأَةً فَتَعَاهَدْنَ وَتَعَاقَدْنَ أَنْ لَا يَكْتُمْنَ مِنْ أَخْبَارِ أَزْوَاجِهِنَّ شَيْئًا:

فَقَالَتِ الأُولَى: زَوْجِي لَحْمُ جَمَلٍ غَثٍّ عَلَى رَأْسِ جَبَلٍ وَعْرٍ، لَا سَهْلٌ فَيُرْتَقَى، وَلا سَمِينٌ فَيُنْتَقَلُ.

قَالَتِ الثَّانِيَةُ: زَوْجِي لَا أَبُثُّ خَبَرَهُ، إِنِّي أَخَافُ أَنْ لَا أَذَرَهُ، إِنْ أَذْكُرْهُ أَذْكُرْ عُجَرَهُ، وَبُجَرَهُ.

قَالَتِ الثَّالِثَةُ: زَوْجِي الْعَشَنَّقُ، إِنْ أَنْطِقْ أُطَلَّقْ، وَإِنْ أَسْكُتْ أُعَلَّقْ.

قَالَتِ الرَّابِعَةُ: زَوْجِي كَلَيْلِ تِهَامَةَ، لَا حَرٌّ، وَلَا قُرٌّ، وَلَا مَخَافَةَ، وَلَا سَآمَةَ.

قَالَتِ الْخَامِسَةُ: زَوْجِي إِنْ دَخَلَ فَهِدَ، وَإِنْ خَرَجَ أَسِدَ، وَلَا يَسْأَلُ عَمَّا عَهِدَ.

قَالَتِ السَّادِسَةُ: زَوْجِي إِنْ أَكَلَ لَفَّ، وَإِنْ شَرِبَ اشْتَفَّ، وَإِنِ اضْطَجَعَ الْتَفَّ، وَلَا يُولِجُ الْكَفَّ، لِيَعْلَمَ الْبَثَّ.

قَالَتِ السَّابِعَةُ: زَوْجِي عَيَايَاءُ، أَوْ غَيَايَاءُ طَبَاقَاءُ، كُلُّ دَاءٍ لَهُ دَاءٌ، شَجَّكِ، أَوْ فَلَّكِ، أَوْ جَمَعَ كُلًا لَكِ.

قَالَتِ الثَّامِنَةُ: زَوْجِي الْمَسُّ، مَسُّ أَرْنَبٍ وَالرِّيحُ، رِيحُ زَرْنَبٍ.

قَالَتِ التَّاسِعَةُ: زَوْجِي رَفِيعُ الْعِمَادِ، طَوِيلُ النِّجَادِ عَظِيمُ الرَّمَادِ، قَرِيبُ الْبَيْتِ مِنَ النَّادِ. قَالَتِ الْعَاشِرَةُ: زَوْجِي مَالِكٌ، وَمَا مَالِكٌ مَالِكٌ خَيْرٌ مِنْ ذَلِكِ، لَهُ إِبِلٌ كَثِيرَاتُ الْمَبَارِكِ، قَلِيلَاتُ الْمَسَارِحِ، إِذَا سَمِعْنَ صَوْتَ الْمِزْهَرِ، أَيْقَنَّ أَنَّهُنَّ هَوَالِكُ.

قَالَتِ الْحَادِيَةَ عَشْرَةَ: زَوْجِي أَبُو زَرْعٍ وَمَا أَبُو زَرْعٍ؟ أَنَاسَ مِنْ حُلِيٍّ أُذُنَيَّ، وَمَلأَ مِنْ شَحْمٍ عَضُدَيَّ، وَبَجَّحَنِي، فَبَجَحَتْ إِلَيَّ نَفْسِي، وَجَدَنِي فِي أَهْلِ غُنَيْمَةٍ بِشَقٍّ فَجَعَلَنِي فِي أَهْلِ صَهِيلٍ، وَأَطِيطٍ وَدَائِسٍ وَمُنَقٍّ، فَعِنْدَهُ أَقُولُ، فَلَا أُقَبَّحُ، وَأَرْقُدُ، فَأَتَصَبَّحُ، وَأَشْرَبُ،

فَـأَتَقَمَّحُ، أُمُّ أَبِي زَرْعٍ فَمَـا أُمُّ أَبِي زَرْعٍ، عُكُومُهَـا رَدَاحٌ، وَبَيْتُهَـا فَسَـاحٌ، ابْـنُ أَبِي زَرْعٍ، فَمَـا ابْـنُ أَبِي زَرْعٍ، مَضْـجَعُهُ كَمَسَـلِّ شَـطْبَةٍ، وَتُشْـبِعُهُ ذِرَاعُ الْجَفْـرَةِ، بِنْـتُ أَبِي زَرْعٍ، فَمَـا بِنْـتُ أَبِي زَرْعٍ، طَـوْعُ أَبِيهَـا وَطَـوْعُ أُمِّهَـا، مِـلْءُ كِسَـائِهَا، وَغَـيْظُ جَارَتِهَـا، جَارِيَـةُ أَبِي زَرْعٍ، فَمَـا جَارِيَـةُ أَبِي زَرْعٍ، لَا تَبُـثُّ حَـدِيثَنَا تَبْثِيثًـا، وَلَا تُنَقِّـثُ مِيرَتَنَـا تَنْقِيثًـا، وَلَا تَمْـلأُ بَيْتَنَـا تَعْشِيشًـا، قَالَـتْ: خَـرَجَ أَبُـو زَرْعٍ، وَالأَوْطَـابُ تُمْخَـضُ، فَلَقِـيَ امْـرَأَةً مَعَهَـا وَلَـدَانِ لَهَـا، كَالْفَهْـدَيْنِ، يَلْعَبَـانِ مِـنْ تَحْـتِ خَصْـرِهَا بِرُمَّـانَتَيْنِ، فَطَلَّقَـنِي وَنَـكَحَهَـا، فَنَكَحْـتُ بَعْـدَهُ رَجُـلا سَـرِيًّا، رَكِـبَ شَـرِيًّا، وَأَخَـذَ خَطِّيًّـا، وَأَرَاحَ عَلَيَّ نَعَمًـا ثَرِيًّـا، وَأَعْطَانِي مِـنْ كُلِّ رَائِحَـةٍ زَوْجًـا، وَقَـالَ: كُلِـي أُمَّ زَرْعٍ، وَمِـيرِي أَهْلَـكِ، فَلَـوْ جَمَعْـتُ كُـلَّ شَـيْءٍ أَعْطَانِيـهِ، مَـا بَلَـغَ أَصْغَرَ آنِيَـةِ أَبِي زَرْعٍ قَالَـتْ عَائِشَـةُ: فَقَـالَ لِي رَسُـولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: كُنْتُ لَكِ كَأَبِي زَرْعٍ لأُمِّ زَرْعٍ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: ئون بىر ئايال ئولتۇرۇپ ئەرلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدىن بىرنىمۇ قويماي دېيىش ھەققىدە ئەھدىلىشىپ قول باغلاشتى.

بىرىنچىسى مۇنداق دېدى: ئېرىم ئەگرى توقاي تاغنىڭ چوققىسىدىكى ئورۇق بىر تۆگىنىڭ گۆشىدۇر. ئۇ تاغ چىققۇدەك تۈز، ئۇ گۆش (ئۆيگە) توشۇغۇدەك سېمىزمۇ ئەمەس. (بۇ ئارقىلىق ئېرىنىڭ ياخشى تەرىپىنىڭ ئاز، ئەخلاقىنىڭ،

ئايالىغا قىلغان مۇئامىلىسىنىڭ دۇرۇس ئەمەس، تولۇق، قوپال ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ.)

ئىككىنچىسى مۇنداق دېدى: مەن ئېرىمنىڭ خەۋىرىنى سۆزلىمەي تۇراي. سۆزلەپ قالسام ئۇنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە دېمەي تۇرالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن. (يەنى ئۇنىڭ كەمچىلىكىنى دەپ قالسام سۆزۈم ئۇزۇراپ كەتمىسۇن موشۇنچىلىك دەپ تۇراي.)

ئۈچىنچىسى مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئېرىم بىر ئەخمەق دارازا، ئەگەر (ئەيىبىنى) سۆزلىسەم مېنى قويىۋېتىدۇ. سۈكۈت قىلسام مېنى (ئېگە بولىدىغان ئېرى بارەدەكمۇ ئەمەس، تويى قىلاي دېسە ئېرى يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىۋېتىدۇ.

تۆتىنچىسى مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئېرىم ئىسسىقمۇ ئەمەس ، سوغۇقمۇ ئەمەس. زېرىكىشىمۇ، خەۋپىمۇ بولمىغان تىھامەنىڭ [30] كېچىسىگە ئوخشايدۇ.

بەشىنچىسى مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئېرىم ئۆيگە كىرسە (مۈلايىم) يولۋاس، تالاغا چىقسا (باتۇر) شىر. ئۆيدىكى نەرسىلەرنى سورماس (بىرمۇ – بىر، يەنى قولى ئوچۇق مەرت.)

ئالتىنچىسى مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئېرىم يېسە يالمايدۇ . ئىچسە شورايدۇ . ياتسا (يوتقانغا ئۆزىنى) پۈتۈن ئورايدۇ. غەم

[30]. قىزىل دېڭىز بىلەن ھىجاز ۋە يەمەن تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان ئويمانلىق رايۇن بولۇپ ھاۋاسى ئىنتايىن مۆتىدىل. بۇ ئايال ئېرىنى شۇ مۆتىدىل يېقىشلىق ھاۋاسى بار جايغا ئوخشاتقان .

قـــايغۇنى بىـــلەي دەپ قـــول ســـېلىپ قويمايـــدۇ. (يەنـــى ئائىسىدىكىلەرنىڭ هالىغا يەتمەيدۇ، هال مۇڭ بولمايدۇ.)

يەتتىنچىسى مۇنداق دېدى: مىنىڭ ئېرىم ئۇچىغا چىققان ئەسكى، ياكى ئۇچىغا چىققان ئازغۇن، سېپى ئۆزىدىن ئەخمەق. هەممە دەرت ئۇنىڭدا بار. (ئۇرسا رەهىمسىز) بېشىڭىزنى ياردۇ، يا بەدىنىڭىزدىن قان ئالىدۇ، ياكى (باش يېرىش بىلەن بەدەننى زەخىملەندۈرۈش) هەممىسىنى سىزگە توپلاپ سالىدۇ .

سەككىزىنچىسى مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئېرىم، ئۇنىڭ تۇتۇشى توشقاننىڭ تۇتۇشىدۇر (يەنى مۇلايىم، كۆيۈمچان، پاكىز) پۇرىقى زەرنەب (بىر خىل خۇشپۇراي ئۆسۈملۈك) پۇرىقىدۇر. (يەنى ئېرىم مۇلايىم، پاكىز ، خۇشپۇراق، ئوبدان ئادەم.)

توققۇزىنچىسى مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئېرىمنىڭ تۈۋرىكى ئېگىز (قولى ئوچۇق، مېهماندوست) ئۇزۇن قىلىچلىق (شجائەتلىك، باتۇر)، كۆلى [31] جىق. ئۆيى يىغىن مەيدانىغا يېقىن.[32]

ئونىنچىسى مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئېرىم مۈلۈكدار، قانداق مۈلۈكدار؟ سىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىن كۆپ مۈلكى بار. ئۇنىڭ قوتانلىرى جىق، يايلاقلىرى ئاز بولغان تۆگىلىرى بار. (يەنى مېهمانغا سويۇش ئۈچۈن تۆگىلەرنى يايلاقتا چىقارماي قوتاندا

[31]. مېهماندوسلىقىدىن، ئۆيىدە زىياپەتنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىدىن ئوچاقتا ئوتى ئۆچمەيدىغان، كۆلى جىق چىقىدىغان ئادەم.

[32]. يەنى شۇ ئەتراپتا يىغىن ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا كەلگەن هەممە مۇساپىر كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆيىمىزنى كۆرەلەيدۇ، كېلىپ قونالايدۇ. شۇ دەرىجىدە مەرت، سېخى.

باقىدۇ) بۇ تۆگىلەر مەزھەر (بىر خىل چالغۇ) ئاۋازىنى ئاڭلىغان هامان (مېهمان كەلگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ سويۇلۇپ) جەزمەن ئۆلىدىغانلىقلىرىنى بىلىشىدۇ.

ئون بىرىنچىسى مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئېرىم ئەبۇ زەرئ . ئەبۇ زەرئ نىمە (ئادەم؟) ئۇ مېنىڭ قۇلىقىمدا هالقىلارنى پۇلاڭلاتتى. (يەنى ماڭا نۇرغۇن هالقا، زىرە ئېلىپ بەردى) ئىككى بىلىكىمنىڭ يېغىنى تولدۇردى (يەنى مېنى ئوبدان بېقىپ، سەمرىتىپ تولدۇردى.) ئۇ مېنى راسا خۇشال (باياشات) قىلدى. ئۇ مېنى جاپالىق كۈن كەچۈرىدىغان، بىر نەچچە قويى بار بىر ئائىلىدىن ئېلىپ ئاتلىرى بار، يۈكلۈك تۆگىلىرى بار، ئورما ئورغۇچىلىرى، ئاشلىق سورىغۇچىلىرى بار بىر ئائىلىگە يۆتكىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا گەپ قىلسام سىلكىشلەنمەيمەن. (ياخشى) ئۇخلاپ، ئەتىسى ياخشى (ئىشلار ئىچىگە) قوپىمەن. (ئۇسسۇزلۇق) ئىچسەم قېنىپ ئىچىمەن.

ئەبۇ زەرئىنىڭ ئانىسى، ئەبۇ زەرئىنىڭ ئانىسى نىمە (ئادەم؟) بوخچىلىرى[33] چوڭ ئۆيلىرى كەڭرى .

ئەبۇ زەرئىنىڭ ئوغلى ، ئەبۇ زەرئىنىڭ ئوغلى نىمە (ئادەم؟) ئۇنىڭ ياتار جايى بەئەينى خورما چاتىقى (يەنى بىر تال خورمىنىڭ پۇتىۋېتىلگەن شېخىچىلىك ئورۇندا ياتىدۇ) ئۇنى تويدۇرار بىر

---

[33] (بوخچا ياكى بوغچا ـ كىيىم كېچەك ، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنى سالىدىغان ئاياللارنىڭ باش ياغلىقىدىن چوڭراق رەخت بولۇپ، قەدىمدە زاماندىكى قىز ـ كېلىنلەر كىيىم ـ كېچەك ، زىبۇ ـزىننەتلىرىنى ساقلاش ۋە توشۇشتا قوللانغان هازىرقى زاماندىكى چامادانىنىڭ ئورنىدىكى نەرسە.

ئۆچكە پاچىقى. (يەنى ئاز تائام يەيدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا ئىشتىھاسى بولماسلىق ياخشى دەپ قارالغاچقا بۇ بالىنى ئىشتىھاسىزلىقىنى سۆزلەش ئارقىلىق ماختىغان.)
ئەبۇ زەرئىنىڭ قىزى، ئەبۇ زەرئىنىڭ قىزى نىمە (ئادەم؟) ئاتىسىغا ئىتائەتمەن، ئانىسىغا ئىتائەتمەن، كىيىمىگە لىق كېلىدۇ. كۈندىشىنى قىلار دەرتمەن[34] .
ئەبۇ زەرئىنىڭ دېدىگى، ئەبۇ زەرئىنىڭ دېدىگى نىمە (ئادەم؟) گەپ سۆزلەرنى (تالا ـ تۈزگە) يايمايدۇ. ئاشلىقلارنى ئەسلا (خىيانەت قىلىپ) ئالمايدۇ. ئۆيىمىزنى رەتسىز، مەينەت قىلمايدۇ.
ئۇ ئايال مۇنداق دېدى: ئەبۇ زەرئ يېلىنلەر سۈتكە تولغان بىر زاماندا (سەپەرگە) چىقتى. (سەپەردە) بىر ئايالنى ئۇچراتتى. ئايالنىڭ قاپلاندەك ئىككى بالىسى بار بولۇپ، باللار ئايالنىڭ بېلىنىڭ ئاستىدىكى ئانارنى ئويناۋاتاتتى. (يەنى ئىككى بالىسى بار بىر ئايالنى ئۇچراتتى. ئىككى بالىسى ئايالنىڭ ئىككى كۆكسىنى بىردىن ئويناۋاتاتتى.) شۇنىڭ بىلەن (ئۇ ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ) مېنى قويۇۋېتىپ ئۇنى ئالدى.[35] مەن ئۇنىڭ (بىلەن ئاجراشقان) دىن كېيىن ئارغىماق مىنىدىغان، نەيزە تۇتىدىغان بىر ئېسىلزادە ئادەم بىلەن توي قىلدىم. ئۇ ماڭا نۇرغۇن چارۋا، پۇل ـ مال تەقدىم قىلدى. ھەر

[34]. يەنى ئېرى بىلەن شات ـ خورام، باياشات ياشىغانلىقتىن ئېرىنىڭ باشقا ئاياللىرىنى كۈندەشلىك ۋە رەشىككە قويىدۇ .
[35]. بۇ ئايال راست گەپ قىلىمىز دېيىشكىنى ئۈچۈن، ھەم ئېرىنى ياخشى كۆرگىنى ئۈچۈن ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ـ قويۇۋەتكەن ئېرىنىڭ ياخشى تەرىپىنى بايان قىلىدۇ.

چارۋىدىن بىر جۈپتىن بەردى ۋە خالىغىنىڭنى يېگىن، ئائىلەڭدىكىلەرگە يېيىشكە بەرگىن دېدى. مەن ئۇنىڭ ماڭا بەرگەنلىرىنى جەملىسەم ئەبۇ زەرئىنىڭ بەرگەن بىر پىيالە نەرسىسىگە تەڭ كەلمەيدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھا مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: مەن سەن ئۈچۈن ئەبۇ زەرئ ئۇممۇ زەرئىگە قانداق بولغان بولسا شۇنداق بولىمەن[36] دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

## 36. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇيقۇسى ھەققىدە

180. عَنِ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا أَخَذَ مَضْجَعَهُ وَضَعَ كَفَّهُ الْيُمْنَى تَحْتَ خَدِّهِ الأَيْمَنِ، وَقَالَ: «رَبِّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ عِبَادَكَ.»

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورۇنغا كىرسە، ئوڭ ئالقىنىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ «ئى رەببىم،

---

[36]. بۇ ھەدىستە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، مۇڭدىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بەزى سۆزلىرىگە ئۇلارنى خۇشاللاندۇرىدىغان، سۆيۈندۈرىدىغان ئىزاھاتلارنى بېرىپ يېقىن، چىقىشىپ ئۆتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئائىلىدىكى ئېسىل ئەخلاقى ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنغان.

سەن بەندىلىرىڭنى تىرىلدۈرگەن كۈنى (يەنە بىر رىۋايەتتە توپلىغان كۈنى) مېنى ئازابىڭدىن ساقلىغىن» دەيتتى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

181. عَنْ حُذَيْفَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا أَوَى إِلَى فِرَاشِهِ قَالَ: اللَّهُمَّ بِاسْمِكَ أَمُوتُ وَأَحْيَا، وَإِذَا اسْتَيْقَظَ قَالَ: الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَمَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرپىسىگە جايلاشسا «اللَّهُمَّ بِاسْمِكَ أَمُوتُ وَأَحْيَا» «ئى ئاللاھ ، سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە تىرىلىمەن» (ئوخلايمەن ۋە ئويغىنىمەن) دەيتتى. ئويغانغىنىدا بولسا: «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَمَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ» بىزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن. (ھەممىمىز) ئۇنىڭ ئالدىغا توپلىنىمىز دەيتتى .

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

182. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا أَوَى إِلَى فِرَاشِهِ كُلَّ لَيْلَةٍ جَمَعَ كَفَّيْهِ فَنَفَثَ فِيهِمَا، وَقَرَأَ فِيهِمَا: قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ وَ قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ وَ قُلْ أَعُوذُ

بِـرَبِّ النَّـاسِ، ثُـمَّ مَسَحَ بِهِمَـا مَـا اسْـتَطَاعَ مِـنْ جَسَـدِهِ . يَبْـدَأُ بِهِمَـا رَأْسَهُ وَوَجْهَهُ وَمَا أَقْبَلَ مِنْ جَسَدِهِ . يَصْنَعُ ذَلِكَ ثَلاثَ مَرَّاتٍ .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر كېچە كۆرپىسىگە جايلاشسا، ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ ئۇ ئىككىسىگە ھۈرۈپ تۇرۇپ، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسنى ئوقۇپ ، ئاندىن ئىككى ئالقىنى بىلەن بەدىنىنىڭ قولى يەتكەنلا يېرىنى، بېشى ۋە يۈزىدىن باشلاپ بەدىنىنىڭ ئالدى قىسمىنى سىلايتتى. بۇنى ئۈچ مەرتە تەكرار قىلاتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

183. عَـنْ أَنَـسِ بْـنِ مَالِـكٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ أَنَّ رَسُـولَ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ كَـانَ إِذَا أَوَى إِلَى فِرَاشِـهِ قَـالَ: الْحَمْـدُ لِلَّهِ الَّـذِي أَطْعَمَنَـا وَسَقَانَا وَكَفَانَا وَآوَانَا . فَكَمْ مِمَّنْ لَا كَافِيَ لَهُ وَلَا مُؤْوِي .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرپىسىگە جايلاشسا: «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَكَفَانَا وَآوَانَا، فَكَمْ مِمَّنْ لَا كَافِيَ لَهُ وَلَا مُؤْوِي» «بىزگە تائام بەرگەن، سۇ بەرگەن، كۈپايە قىلغان ۋە جاي بەرگەن ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن.

تالايلىغان ھېچقانداق كۆپايە قىلغۇچىسى ۋە جاي بەرگۈچىسى يوقلار بار» دەيدىغان ئىدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

184. عَنْ أَبِي قَتَادَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا عَرَّسَ بِلَيْلٍ اضْطَجَعَ عَلَى شِقِّهِ الأَيْمَنِ، وَإِذَا عَرَّسَ قُبَيْلَ الصُّبْحِ نَصَبَ ذِرَاعَهُ، وَوَضَعَ رَأْسَهُ عَلَى كَفِّهِ.

ئەبى قەتادە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاخشىمى ياتسا ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ياتاتتى. بامداتنىڭ سەل ئالدىدا ياتقۇدەك بولسا بىلىكىنى تىكلەپ، بېشىنى ئالقىنىغا قويۇپ ياتاتتى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

## 37. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىبادىتى ھەققىدە

185. عَنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: صَلَّى رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى انْتَفَخَتْ قَدَمَاهُ، فَقِيلَ لَهُ: أَتَتَكَلَّفُ هَذَا، وَقَدْ غَفَرَ اللَّهُ لَكَ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ؟ قَالَ: أَفَلا أَكُونُ عَبْدًا شَكُورًا.

مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (نەپلە

نامازنى (ئۇزۇن ۋە تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇدى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى پۇتى ئىششىپ كەتتى. بىرى ئۇ زاتقا: بۇنچىۋالا زورۇقۇپ كېتەملا، ئاللاھ سىلىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرگەن تۇرسا؟! دېگەن ئېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۈكۈر ئېيتقۇچى بەندە بولمايمەنمۇ ؟! دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

186. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي حَتَّى تَرِمَ قَدَمَاهُ، قَالَ: فَقِيلَ لَهُ: أَتَفْعَلُ هَذَا وَقَدْ جَاءَكَ أَنَّ اللهَ تَعَالَى قَدْ غَفَرَ لَكَ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ؟ قَالَ: أَفَلَا أَكُونُ عَبْدًا شَكُورًا.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى پۇتى ئىششىپ (يەنە بىر رىۋايەتتە كۆپۈپ) كەتكەنگە قەدەر ناماز ئوقۇيتتى. ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىرسى رەسۇلۇللاھقا: موشۇنداق قىلامىلا؟، سىلىگە ئاللاھنىڭ سىلىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرگەنلىك (خەۋىرى) كەلگەن تۇرسا؟! دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: مەن ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقۇچى بەندە بولمايمەنمۇ ؟! دېدى.

نەسەئى، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان

187. عَنِ الأَسْوَدِ بْنِ يَزِيدَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَأَلْتُ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا عَنْ صَلاةِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِاللَّيْلِ فَقَالَتْ: كَانَ يَنَامُ أَوَّلَ اللَّيْلِ ثُمَّ يَقُومُ، فَإِذَا كَانَ مِنَ السَّحَرِ أَوْتَرَ، ثُمَّ أَتَى فِرَاشَهُ، فَإِذَا كَانَ لَهُ حَاجَةٌ أَلَمَّ بِأَهْلِهِ، فَإِذَا سَمِعَ الأَذَانَ وَثَبَ، فَإِنْ كَانَ جُنُبًا أَفَاضَ عَلَيْهِ مِنَ الْمَاءِ، وَإِلَّا تَوَضَّأَ وَخَرَجَ إِلَى الصَّلاةِ.

ئەسۋەد ئىبنى يەزىددىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىدىكى نامىزى ھەققىدە سورىسام، ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھا مۇنداق دېدى: كېچىنىڭ بېشىدا ئۇخلاپ ئاندىن (نامازغا) قوپاتتى. سۈبھى ۋاقتى بىر ئاز يېقىنلاشسا، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇپ ئاندىن كۆرپىسىگە كېلەتتى. ئەگەر (ئەر ئايال بىر يەردە بولۇشقا) ئېھتىياجى بولۇپ قالسا ئايالى بىلەن بىللە بولاتتى. ئەزاننى ئاڭلىغان ھامان چاچراپ تۇرۇپ كېتەتتى. جۇنۇپ بولسا بويىنى سۇغا سالاتتى، بولمىسا تاھارەت ئېلىپ نامازغا چىقاتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

188. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ بَاتَ عِنْدَ مَيْمُونَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا وَهِيَ خَالَتُهُ قَالَ: فَاضْطَجَعْتُ فِي عَرْضِ الْوِسَادَةِ،

وَاضْطَجَعَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي طُولِهَا، فَنَامَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى إِذَا انْتَصَفَ اللَّيْلُ أَوْ قَبْلَهُ بِقَلِيلٍ أَوْ بَعْدَهُ بِقَلِيلٍ، فَاسْتَيْقَظَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَجَعَلَ يَمْسَحُ النَّوْمَ عَنْ وَجْهِهِ، ثُمَّ قَرَأَ الْعَشْرَ الآيَاتِ الْخَوَاتِيمَ مِنْ سُورَةِ آلِ عِمْرَانَ، ثُمَّ قَامَ إِلَى شَنٍّ مُعَلَّقٍ فَتَوَضَّأَ مِنْهَا، فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ، ثُمَّ قَامَ يُصَلِّي، قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عَبَّاسٍ: فَقُمْتُ إِلَى جَنْبِهِ فَوَضَعَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَدَهُ الْيُمْنَى عَلَى رَأْسِي ثُمَّ أَخَذَ بِأُذُنِي الْيُمْنَى، فَفَتَلَهَا فَصَلَّى رَكْعَتَيْنِ، ثُمَّ رَكْعَتَيْنِ، ثُمَّ رَكْعَتَيْنِ، ثُمَّ رَكْعَتَيْنِ، ثُمَّ رَكْعَتَيْنِ، ثُمَّ رَكْعَتَيْنِ، قَالَ مَعْنٌ: سِتَّ مَرَّاتٍ ثُمَّ أَوْتَرَ، ثُمَّ اضْطَجَعَ حَتَّى جَاءَهُ الْمُؤَذِّنُ، فَقَامَ فَصَلَّى رَكْعَتَيْنِ خَفِيفَتَيْنِ، ثُمَّ خَرَجَ فَصَلَّى الصُّبْحَ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباس ھاممىسى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا قونۇپ قالغان. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مەن (رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىلىك ئىبادىتىنى تەپسىلى كۆرۈۋېلىش مەقسىتىدە) ياستۇقنىڭ ئېنى تەرىپىگە بېشىمنى قويدۇم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياستۇقنىڭ بويى تەرىپىگە بېشىنى قويۇپ ياتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېرىم كېچىگىچە ياكى سەل ئالدى كەينىگە قەدەر ئۇخلاپ ئاندىن ئويغاندى. يۈزىنى سىلاپ ئۇيقۇسىنى ئېچىشقا باشلىدى ۋە سۈرە ئالى ئىمراننىڭ

ئاخىرىدىن ئون ئايەت قىرائەت قىلدى. ئاندىن ئېسىپ قويۇلغان تۇلۇمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن (سۇ ئېلىپ) تاھارەت ئالدى. تاھارەتنى كامىل ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغىلى تۇردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر يېنىغا كېلىپ تۇردۇم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىنى مېنىڭ بېشىمغا قويدى. ئاندىن ئوڭ قۇلىقىمنى تۇتۇپ (بوشقىنە) تارتىپ قويدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئىككى رەكئەت، ئاندىن ئىككى رەكئەت، ئاندىن ئىككى رەكئەت، ئاندىن ئىككى رەكئەت، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان مەئىن: ئالتە مەرتەم (ئوقۇدى) دېدى. ئارقىدىن ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇپ ئاندىن ياتتى. (يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇخلىدى ھەتتا خورەك تارتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇخلىسا خورەك تارتاتتى) شۇ ئارىدا مۇئەززىن كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىنچام قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن مەسجىدكە چىقىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى.

يەنە باشقا بىر رىۋايەتتە: بىلال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ناماز ۋاقتى بولغىنىنى ئۇقتۇردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالماي ناماز ئوقۇدى دېيىلگەن .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

189. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي مِنَ اللَّيْلِ ثَلاثَ عَشْرَةَ رَكْعَةً.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى (بامداتنىڭ سۈننىتى بىلەن قوشۇپ) ئون ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

190. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا لَمْ يُصَلِّ بِاللَّيْلِ، مَنَعَهُ مِنْ ذَلِكَ النَّوْمُ، أَوْ غَلَبَتْهُ عَيْنَاهُ، صَلَّى مِنَ النَّهَارِ ثِنْتَيْ عَشْرَةَ رَكْعَةً.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئوقۇيالماي، نامازدىن ئۇيقۇ توسۇپ قويسا ياكى (ئۇيقۇ تۇتۇپ) كۆزى يۇمۇلۇپ كەتكەن بولسا كۈندۈزى ئون ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

191. عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ قَالَ: لأَرْمُقَنَّ صَلاةَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَتَوَسَّدْتُ عَتَبَتَهُ، أَوْ فُسْطَاطَهُ فَصَلَّى رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَكْعَتَيْنِ خَفِيفَتَيْنِ، ثُمَّ صَلَّى

رَكْعَتَيْنِ طَوِيلَتَيْنِ، طَوِيلَتَيْنِ، طَوِيلَتَيْنِ، ثُمَّ صَلَّى رَكْعَتَيْنِ وَهُمَا دُونَ اللَّتَيْنِ قَبْلَهُمَا، ثُمَّ صَلَّى رَكْعَتَيْنِ وَهُمَا دُونَ اللَّتَيْنِ قَبْلَهُمَا، ثُمَّ صَلَّى رَكْعَتَيْنِ وَهُمَا دُونَ اللَّتَيْنِ قَبْلَهُمَا، ثُمَّ صَلَّى رَكْعَتَيْنِ وَهُمَا دُونَ اللَّتَيْنِ قَبْلَهُمَا، ثُمَّ أَوْتَرَ فَذَلِكَ ثَلاثَ عَشْرَةَ رَكْعَةً.

زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى بىر كۆزىتەي دەپ ئۇيلاپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بوسۇغىسىغا ياكى چېدىرىغا بېشىمنى قويۇپ ياتتىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئۇزۇن ئۇزۇن ئۇزۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، بۇ ئىككى رەكئەت ئالدىنقى ھېلىقى ئىككى رەكئەت نامازدىن قىسقىراق ئېدى. ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، بۇ ئىككى رەكئەت نامازمۇ ئالدىنقى ئىككى رەكئەت نامازدىن قىسقىراق ئېدى. ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، بۇ ئىككى رەكئەت نامازمۇ ئالدىنقى ئىككى رەكئەت نامازدىن قىسقىراق ئېدى. ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، بۇ ئىككى رەكئەتمۇ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتتىن قىسقىراق ئېدى. ئارقىدىن ۋىتىر نامىزى ئوقۇدى. مانا بۇ ئون ئۈچ رەكئەت نامازدۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

192. عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرَّحْمَنِ أَنَّهُ سَأَلَ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا كَيْفَ كَانَتْ صَلاةُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي رَمَضَانَ؟ فَقَالَتْ: مَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِيَزِيدَ فِي رَمَضَانَ وَلا فِي غَيْرِهِ عَلَى إِحْدَى عَشْرَةَ رَكْعَةً، يُصَلِّي أَرْبَعًا، لَا تَسْأَلْ عَنْ حُسْنِهِنَّ وَطُولِهِنَّ، ثُمَّ يُصَلِّي أَرْبَعًا لَا تَسْأَلْ عَنْ حُسْنِهِنَّ وَطُولِهِنَّ، ثُمَّ يُصَلِّي ثَلاثًا، قَالَتْ عَائِشَةُ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، أَتَنَامُ قَبْلَ أَنْ تُوتِرَ؟ فَقَالَ: يَا عَائِشَةُ، إِنَّ عَيْنَيَّ تَنَامَانِ وَلا يَنَامُ قَلْبِي.

ئەبى سەلەمە ئىبنى ئابدۇرەھماندىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزان ئېيىدىكى (كېچىلىك نامىزى) نامىزى قانداق ئېدى؟ دەپ سورىغان. ئائىشە ئانىمىز: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيلى رامىزان ئېيىدا بولسۇن، مەيلى باشقا ئايلاردا بولسۇن، ئون بىر رەكئەتتىن زىيادە ناماز ئوقۇمايتتى. تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئۇلارنىڭ چىرايلىقلىقى، ئۇزۇنلىقىنىڭ گېپىنى قىلمايلا قويي. ئاندىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئۇلارنىڭ چىرايلىقلىقى ئۇزۇنلىقىنىڭ گېپىنى قىلمايلا قويي. ئاندىن ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: مەن ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ۋىتىر

نـــامـىزىنى ئوقۇمـــاي ئـــۇخلامـلا؟ دىـــــەم رەســــۇلـۇلـلاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئائىشە، مېنىڭ ئىككى كۆزۈم ئۇخلىغان بىلەن قەلبىم ئۇخلىمايدۇ ـ دېگەن ئىدى .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

193. عَـنْ عَائِشَـةَ رَضِـيَ اللهُ عَنْهَـا: أَنَّ رَسُـولَ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ كَـانَ يُصَـلِّي مِـنَ اللَّيْـلِ إِحْـدَى عَشْـرَةَ رَكْعَـةً، يُـوتِرُ مِنْهَـا بِوَاحِدَةٍ، فَإِذَا فَرَغَ مِنْهَا، اضْطَجَعَ عَلَى شِقِّهِ الأَيْمَنِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئون بىر رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئون بىر رەكئەتتىن بىر رەكئەتنى تاق ئوقۇيتتى. نامازلارنى ئوقۇپ بولسا، ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ياتاتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

194. عَـنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي مِنَ اللَّيْلِ تِسْعَ رَكَعَاتٍ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى توققۇز رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

195. عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ صَلَّى مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنَ اللَّيْلِ قَالَ: فَلَمَّا دَخَلَ فِي الصَّلاةِ قَالَ: اللَّهُ أَكْبَرُ ذُو الْمَلَكُوتِ وَالْجَبْرُوتِ، وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ. قَالَ: ثُمَّ قَرَأَ الْبَقَرَةَ، ثُمَّ رَكَعَ رُكُوعَهُ نَحْوًا مِنْ قِيَامِهِ، وَكَانَ يَقُولُ: سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ، سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ ثُمَّ رَفَعَ رَأْسَهُ، فَكَانَ قِيَامُهُ نَحْوًا مِنْ رُكُوعِهِ، وَكَانَ يَقُولُ: لِرَبِّيَ الْحَمْدُ، لِرَبِّيَ الْحَمْدُ ثُمَّ سَجَدَ، فَكَانَ سُجُودُهُ نَحْوًا مِنْ قِيَامِهِ، وَكَانَ يَقُولُ: سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى، سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى ثُمَّ رَفَعَ رَأْسَهُ، فَكَانَ مَا بَيْنَ السَّجْدَتَيْنِ نَحْوًا مِنَ السُّجُودِ، وَكَانَ يَقُولُ: رَبِّ اغْفِرْ لِي، رَبِّ اغْفِرْ لِي حَتَّى قَرَأَ الْبَقَرَةَ، وَآلَ عِمْرَانَ، وَالنِّسَاءَ، وَالْمَائِدَةَ، أَوِ الأَنْعَامَ، شُعْبَةُ الَّذِي شَكَّ فِي الْمَائِدَةِ، وَالأَنْعَامِ.

ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كېچىسى ناماز ئوقۇغان. ھۇزەيفە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى باشلاپلا «اللَّهُ أَكْبَرُ ذُو الْمَلَكُوتِ وَالْجَبْرُوتِ، وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ» (ئاللاھ بۈيۈكتۇر. ئۇ سەلتەنەت ، كۈچ-قۇدرەت، بۈيۈكلۈك ۋە كاتتىلىق ساھىبىدۇر) دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سۈرە بەقەرەنى قىرائەت قىلىپ ئاندىن رۇكۇ قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسسەللەمنىڭ رۇكۇسى قىيامدا تۇرغانچىلىك ئۇزۇن ئىدى. رەسۇلۇللاھ رۇكۇدا «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ، سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ» دەيتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بېشىنى كۆتۈردى. رەسۇلۇللاھنىڭ رۇكۇدىن كېيىنكى ئۆرە تۇرۇشى (نىڭ ئۇزۇنلۇقى) رۇكۇسىچىلىك ئۇزۇن ئىدى. رەسۇلۇللاھ (بۇ چاغدا) «لِرَبِّيَ الْحَمْدُ لِرَبِّيَ الْحَمْدُ» دەيتتى. ئاندىن سەجدە قىلدى. سەجدىلىرىمۇ قىيامدا تۇرغانچىلىك ئۇزۇن ئىدى. سەجدىدە «سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى، سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى» دەيتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈردى. ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسى (دىكى ئولتۇرۇشى) سەجدىچىلىك ئۇزۇن ئىدى. «رَبِّ اغْفِرْ لِي، رَبِّ اغْفِرْ لِي» دەيتتى. شۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھ بەقەرە، ئالى ئىمران، نىسا، مائىدە، ياكى ئەنئام سۈرىلىرىنى ئوقۇدى.

شۇئبە رەسۇلۇللاھ مائىدەنى ئوقۇدىمۇ ياكى ئەنئام سۈرىسىنى ئوقۇدىمۇ دېگەن مەسىلىدە بىلەلمەي شەكلىنىپ قالغان.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

196. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِآيَةٍ مِنَ الْقُرْآنِ لَيْلَةً .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كېچىسى قۇرئاندىن بىر ئايەتنى ( كېچىلىك نامازدا ) قىيامدا ( تەكرار ) قىرائەت قىلىپ چىقتى.

ھاكىم ئۆز كىتاۋىدا، ئەبۇ ئۇبەيد «قۇرئانىنىڭ پەزىلەتلىرى» دېگەن كىتاۋىدا رىۋايەت قىلغان

**197. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: صَلَّيْتُ لَيْلَةً مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَلَمْ يَزَلْ قَائِمًا حَتَّى هَمَمْتُ بِأَمْرِ سُوءٍ قِيلَ لَهُ: وَمَا هَمَمْتَ بِهِ؟ قَالَ: هَمَمْتُ أَنْ أَقْعُدَ وَأَدَعَ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: مەن بىر كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامدا تۇرىۋەردى، ھەتتا پەيلىم بىر بۇزۇلغان ئىدى. بىر ئادەم: نىمىگە پەيلىڭ بۇزۇلغان ئىدى؟ دېگەن ئىدى ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قويۇپ ئولتۇرىۋالايمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

**198. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يُصَلِّي جَالِسًا، فَيَقْرَأُ وَهُوَ جَالِسٌ، فَإِذَا بَقِيَ مِنْ قِرَاءَتِهِ قَدْرُ مَا**

يَكُونُ ثَلاثِينَ أَوْ أَرْبَعِينَ آيَةً قَامَ فَقَرَأَ وَهُوَ قَائِمٌ، ثُمَّ رَكَعَ وَسَجَدَ، ثُمَّ صَنَعَ فِي الرَّكْعَةِ الثَّانِيَةِ مِثْلَ ذَلِكَ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇپ، ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلاتتى. قىرائەتتىن ئوتتۇز ياكى قىرىق ئايەت مىقدارى قالغاندا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرە ھالەتتە قىرائەت قىلاتتى ئاندىن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلاتتى. ئارقىدىن ئىككىنچى رەكئەتتىمۇ يەنە شۇنداق قىلاتتى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

199. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ شَقِيقٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَأَلْتُ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا عَنْ صَلاةِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، عَنْ تَطَوُّعِهِ، فَقَالَتْ: كَانَ يُصَلِّي لَيْلا طَوِيلا قَائِمًا، وَلَيْلا طَوِيلا قَاعِدًا، فَإِذَا قَرَأَ وَهُوَ قَائِمٌ رَكَعَ وَسَجَدَ وَهُوَ قَائِمٌ، وَإِذَا قَرَأَ وَهُوَ جَالِسٌ رَكَعَ وَسَجَدَ وَهُوَ جَالِسٌ.

ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىيق رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزى، نەفلىسى ھەققىدە سورىدۇم، ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى كېچىسى ئۆرە تۇرغان ھالدا ئۇزۇن-ئۇزۇن ناماز ئوقۇسا، بەزى كېچىسى ئولتۇرغان ھالدا ئۇزۇن-ئۇزۇن ناماز ئوقۇيتتى. رەسۇلۇللاھ ئۆرە تۇرۇپ قىرائەت قىلغان بولسا، ئۆرە تۇرغان

ھالەتتە (نورمال نامازدىكىدەك) رۇكۇ سەجدە قىلاتتى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلغان بولسا، ئولتۇرغان ھالەتتە رۇكۇ ۋە سەجدە قىلاتتى.

ئىمام مۇسلىم ۋە مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

200. عَنْ حَفْصَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجِ النَّبِيّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللهِ يُصَلِّي فِي سُبْحَتِهِ قَاعِدًا، وَيَقْرَأُ بِالسُّورَةِ وَيُرَتِّلُهَا، حَتَّى تَكُونَ أَطْوَلَ مِنْ أَطْوَلَ مِنْهَا.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خانىمى ھەفسە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەفلە نامازلىرىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى. سۈرە قىرائەت قىلغاندا دانە-دانە قىرائەت قىلاتتى. ھەتتاكى ئوقۇغان سۈرە باشقا ئۇزۇن سۈرىدىنمۇ ئۇزۇن بولۇپ[37] كېتەتتى .

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

201. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَمْ يَمُتْ حَتَّى كَانَ أَكْثَرُ صَلاتِهِ وَهُوَ جَالِسٌ .

[37]. ئالدىرىماي دانە-دانە ئوقۇغان، تەسبىھ ئايىتىنى ئوقۇسا تەسبىھ ئېيتقان، رەھمەت بايان قىلىنغان ئايەتنى ئوقۇسا توختاپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى تىلىگىنى ئۈچۈن بۇ سۈرە ئەسلى پېتى ئوقۇلغان باشقا ئۇزۇن سۈرىدىنمۇ ئۇزۇن بولۇپ كېتەتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (نەپلە) نامىزنىڭ كۆپ قىسمىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغاندا ۋاپات بولغان ئىدى. (يەنى رەسۇلۇللاھ ياشىنىپ قالغىنىدا نەپلە نامىزىنى ئاساسەن ئولتۇرۇپ ئوقۇغان ئىدى.)

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

202. عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: صَلَّيْتُ مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَكْعَتَيْنِ قَبْلَ الظُّهْرِ، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَهَا، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْمَغْرِبِ فِي بَيْتِهِ، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْعِشَاءِ فِي بَيْتِهِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پېشىن نامىزىدىن ئاۋال ئىككى رەكئەت، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم. شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىدە، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەتنى ھەم رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىدە ئوقۇدۇم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

203. عَــنِ ابْــنِ عُمَــرَ رَضِــيَ اللهُ عَنْــهُ قَــالَ: حَــدَّثَتْنِي حَفْصَــةُ: أَنَّ رَسُــولَ اللهِ صَــلَّى اللهُ عَلَيْــهِ وَسَــلَّمَ كَــانَ يُصَــلِّي رَكْعَتَــيْنِ حِــينَ يَطْلُــعُ الْفَجْرُ وَيُنَادِي الْمُنَادِي، قَالَ أَيُّوبُ: وَأُرَاهُ قَالَ: خَفِيفَتَيْنِ.

ئابــدۇللاھ ئىبنــى ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ تەئــالا ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇ: ئــۇ كىشــى مۇنــداق دەيــدۇ: ماڭــا (ئاچــام) ھەفســە مۇنــداق ســۆزلەپ بەردى: رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ســۈبھى يــورۇپ، ئەزان چىققــان ھامــان ئىككــى رەكــئەت نامــاز ئوقــۇيتتى. ئەييــۇب مۇنــداق دەيــدۇ: مەن ئابــدۇللاھ ئىبنــى ئــۆمەرنى «يېنىــك ئىككــى رەكــئەت» دېدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

204. عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: حَفِظْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثَمَانِيَ رَكَعَاتٍ: رَكْعَتَيْنِ قَبْلَ الظُّهْرِ، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَهَا، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْمَغْرِبِ، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْعِشَاءِ، قَالَ ابْنُ عُمَرَ: وَحَدَّثَتْنِي حَفْصَةُ بِرَكْعَتَيِ الْغَدَاةِ، وَلَمْ أَكُنْ أَرَاهُمَا مِنَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ .

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پېشىندىن ئاۋال تۆت، كېيىن ئىككى، شامدىن كېيىن ئىككى، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى بولۇپ (جەمئى) سەككىز رەكئەت نامازنى ئوقۇغىنىنى

ئېسىمدە تۇتىۋالدىم. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەفسە ماڭا ئەتىگەنلىك (بامداتتىن بۇرۇن) ئىككى رەكئەت نامازنىڭ بارلىقىنى دەپ بەردى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (ئۆيىدە ئوقۇغىنى ئۈچۈن) ئۇ ئىككى رەكئەتنى ئوقۇغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

205. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ شَقِيقٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَأَلْتُ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا عَنْ صَلاةِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَتْ: كَانَ يُصَلِّي قَبْلَ الظُّهْرِ رَكْعَتَيْنِ وَبَعْدَهَا رَكْعَتَيْنِ، وَبَعْدَ الْمَغْرِبِ رَكْعَتَيْنِ، وَبَعْدَ الْعِشَاءِ رَكْعَتَيْنِ، وَقَبْلَ الْفَجْرِ ثِنْتَيْنِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىيق رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (سۈننەت) نامىزى ھەققىدە سورىسام، ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېدى: پېشىن نامىزىنىڭ ئالدىدا ئىككى رەكئەت ناماز، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. شام نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، بامداتنىڭ ئالدىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

206. عَنْ عَاصِمِ بْنِ ضَمْرَةَ يَقُولُ: سَأَلْنَا عَلِيًّا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ صَلاةِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنَ النَّهَارِ، فَقَالَ: إِنَّكُمْ لَا تُطِيقُونَ ذَلِكَ، قَالَ: فَقُلْنَا: مِنْ أَطَاقَ ذَلِكَ مِنَّا صَلَّى، فَقَالَ: كَانَ إِذَا كَانَتِ الشَّمْسُ مِنْ هَهُنَا كَهَيْئَتِهَا مِنْ هَهُنَا عِنْدَ الْعَصْرِ صَلَّى رَكْعَتَيْنِ، وَإِذَا كَانَتِ الشَّمْسُ مِنْ هَهُنَا، كَهَيْئَتِهَا مِنْ هَهُنَا عِنْدَ الظُّهْرِ صَلَّى أَرْبَعًا، وَيُصَلِّي قَبْلَ الظُّهْرِ أَرْبَعًا، وَبَعْدَهَا رَكْعَتَيْنِ، وَقَبْلَ الْعَصْرِ أَرْبَعًا، يَفْصِلُ بَيْنَ كُلِّ رَكْعَتَيْنِ بِالتَّسْلِيمِ عَلَى الْمَلائِكَةِ الْمُقَرَّبِينَ وَالنَّبِيِّينَ وَمَنْ تَبِعَهُمْ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُسْلِمِينَ.

ئاسىم ئىبنى زەمرە دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەلى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈندۈزدىكى نامىزى ھەققىدە سورىساق، ئەلى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوقۇغان نامىزىنى ئوقۇشقا قادىر بولالمايسىلەر دېدى. بىز قادىر بولالىغانلار ئوقۇيدۇ دېسەك، ئەلى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ مۇنداق دېدى: كۈن ماۋۇ ياقتىن (شەرىقتىن چىقىپ) غەرىپتە بولسا ئەسىر بولغۇدەك ھالەتكە كەلسە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. كۈن ماۋۇ ياقتىن (شەرىقتىن چىقىپ) غەرىپتە بولغان بولسا پېشىن بولغۇدەك ھالەتكە كەلسە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. پېشىن نامىزىنىڭ ئالدىدا (يەنى پەرزىنىڭ

ئالدىدا) تۆت رەكئەت ناماز [38] ئوقۇيتتى. پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئەسىر نامىزىنىڭ ئالدىدا تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ھەر ئىككى رەكئەت ناماز ئارىسىنى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلەرگە، ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆئمىن مۇسۇلمانلارغا سالام بېرىش بىلەن ئايرىيتتى.

ئىمام ئەھمەد، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە، نەسەئى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

## 38. چاشكا نامىزى ھەققىدە

207. عَنْ مُعَاذَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: قُلْتُ لِعَائِشَةَ: أَكَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي الضُّحَى؟ قَالَتْ: نَعَمْ، أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ وَيَزِيدُ مَا شَاءَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ.

مۇئازە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشكا نامىزى ئوقۇغانمۇ؟ دەپ سورىدۇم. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېدى: تۆت رەكئەت ئوقۇغان ۋە ئاللاھ خالىغىنىنى زىيادە قىلاتتى دېگەن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

[38]. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ نامازنى كۈن تىكلىشىپ غەرىپكە ئىگىلىشى ھامان ئوقۇيدىغانلىقى، ئۇزۇن ئوقۇيدىغانلىقىنى بايان قىلىنغان.

208. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يُصَلِّي الضُّحَى سِتَّ رَكَعَاتٍ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشكا نامىزىنى ئالتە رەكئەت ئوقۇيدىغان ئىدى.

تىرمىزى «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

209. عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: مَا أَخْبَرَنِي أَحَدٌ أَنَّهُ رَأَى النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي الضُّحَى إِلَّا أُمُّ هَانِئٍ، فَإِنَّهَا حَدَّثَتْ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دَخَلَ بَيْتَهَا يَوْمَ فَتْحِ مَكَّةَ فَاغْتَسَلَ فَسَبَّحَ ثَمَانِيَ رَكَعَاتٍ مَا رَأَيْتُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ صَلَّى صَلاةً قَطُّ أَخَفَّ مِنْهَا، غَيْرَ أَنَّهُ كَانَ يُتِمُّ الرُّكُوعَ وَالسُّجُودَ.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبى لەيلا دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئۇممۇ ھانىئدىن باشقا ھېچكىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاشكا نامىزىنى ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى خەۋەر قىلمىدى. ئۇممۇ ھانى ھەدىس بايان قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككە فەتھى بولغان كۈنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ يۇيۇنغانلىقى ۋە سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. (ئۇ مۇنداق دېدى) مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسلا

بۇنداق قىسقا ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، ئەمما ئۇ رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى تولۇق قىلاتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

**210. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ شَقِيقٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قُلْتُ لِعَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا: أَكَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي الضُّحَى؟ قَالَتْ: لَا، إِلَّا أَنْ يَجِيءَ مِنْ مَغِيبِهِ.**

ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىيق رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشكا نامىزى ئوقۇيدىغانمىدى؟ دەپ سورىسام ئائىشە ئانىمىز: ياق، پەقەت سەپەردىن كەلگەن بولسا ئوقۇيتتى (بولمىسا ئوقۇمايتتى) دېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

**211. عَنْ أَبِي أَيُّوبَ الأَنْصَارِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يُدْمِنُ أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ عِنْدَ زَوَالِ الشَّمْسِ، فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، إِنَّكَ تُدْمِنُ هَذِهِ الأَرْبَعَ رَكَعَاتٍ عِنْدَ زَوَالِ الشَّمْسِ، فَقَالَ: إِنَّ أَبْوَابَ السَّمَاءِ تُفْتَحُ عِنْدَ زَوَالِ الشَّمْسِ فَلَا تُرْتَجُ حَتَّى تُصَلَّى الظُّهْرُ، فَأُحِبُّ أَنْ يَصْعَدَ لِي فِي تِلْكَ السَّاعَةِ خَيْرٌ، قُلْتُ: أَفِي كُلِّهِنَّ قِرَاءَةٌ؟ قَالَ: نَعَمْ قُلْتُ: هَلْ فِيهِنَّ تَسْلِيمٌ فَاصِلٌ؟ قَالَ: لَا.**

ئەبى ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن قىيىلغاندا تۆت رەكئەت نامازنى ئۆكسۈتمەي ئوقۇيتتى. مەن ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، سىلى كۈن قىيىلغاندا بۇ تۆت رەكئەت نامازنى ئۆكسۈتمەي ئوقۇيدىكەنلا؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كۈن قىيىلغاندا (كۈن ئاسماننىڭ ئوتتۇرىدىن غەربكە ئېگىلگەندە) ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولغانغا قەدەر تاقالمايدۇ. مەن شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ياخشى ئەمەلىمنىڭ (ئاسمانغا) ئۆرلىگەن بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن دېدى. مەن: تۆت رەكئەت نامازنىڭ ھەممىدە قىرائەت بارمۇ؟ دېۋىدىم، رەسۇلۇللاھ: ھەئە دېدى. مەن: (تۆت رەكئەت ناماز) ئارىسىدا ئايرىيدىغان سالام بارمۇ؟ دېسەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوق - دېدى.

ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

212. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ السَّائِبِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يُصَلِّي أَرْبَعًا بَعْدَ أَنْ تَزُولَ الشَّمْسُ قَبْلَ الظُّهْرِ وَقَالَ: إِنَّهَا سَاعَةٌ تُفْتَحُ فِيهَا أَبْوَابُ السَّمَاءِ، فَأُحِبُّ أَنْ يَصْعَدَ لِي فِيهَا عَمَلٌ صَالِحٌ.

ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىندىن ئاۋۋال كۈن قىيىلغاندىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز[39] ئوقۇيتتى ۋە بۇ ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدىغان ۋاقىت، مەن بىر ياخشى ئەمەلىمنىڭ شۇ ۋاقىتتا يۇقىرى ئۆرلىگەن بولۇشىنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن ئىدى.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

## 39. نەفلە نامازنىڭ ئۆيدە ئوقۇلىدىغانلىقى ھەققىدە

**213. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ سَعْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنِ الصَّلاةِ فِي بَيْتِي وَالصَّلاةِ فِي الْمَسْجِدِ، قَالَ: قَدْ تَرَى مَا أَقْرَبَ بَيْتِي مِنَ الْمَسْجِدِ، فَلأَنْ أُصَلِّيَ فِي بَيْتِي أَحَبُّ إِلَيَّ مِنْ أَنْ أُصَلِّيَ فِي الْمَسْجِدِ، إِلَّا أَنْ تَكُونَ صَلاةً مَكْتُوبَةً.**

[39]. چاشكا نامىزى ھەققىدە ئىبنى تەيمىييە رەھىمەھۇللاھ «پەتىۋالارتوپلىمى» 22.توم 284.بېتىدە: رەسۇلۇللاھنىڭ چاشكا نامىزى ئوقۇغانلىقى، ئەبۇ ھۇرەيرەنى ئوقۇشقا ئۈندىگەنلىكى، ئائىشە ئانىمىزنىڭ رەسۇلۇللاھ چاشكا نامىزى ئوقۇمىدى دېگەنلىكى، ئەمما «چاشكا نامىزى دەپ ناماز يوق» دېمىگەنلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى شەرئەتتە چاشكا نامىزىنىڭ ئاساسى بار. رەسۇلۇللاھ چاشكا نامىزىنى بەزىدە ئوقۇغان بەزىدە ئوقۇمىغان. كېچە تەھەججۇد نامىزىغا ئادەت قىلغان ئىنسان كېچىدە نامازغا تۇرالمىسا، كۈندۈزدىكى چاشكا نامىزى تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرىدۇ دەپ كۆرستىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆيۈمدە ناماز ئوقۇش بىلەن مەسجىدتە ناماز ئوقۇش ھەققىدە سورىدۇم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۆيۈم مەسجىدكە ناھايىتى يېقىن. مېنىڭ پەرز نامازدىن باشقا نامازنى ئۆيۈمدە ئوقۇغىنىم مەسجىدتە ناماز ئوقۇغىنىمدىن ياخشىدۇر دېدى.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

## 40. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزنى ھەققىدە

214. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ شَقِيقٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَأَلْتُ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا عَنْ صِيَامِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَتْ: كَانَ يَصُومُ حَتَّى نَقُولَ قَدْ صَامَ. وَيُفْطِرُ حَتَّى نَقُولَ قَدْ أَفْطَرَ قَالَتْ: وَمَا صَامَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شَهْرًا كَامِلا مُنْذُ قَدِمَ الْمَدِينَةَ إِلَّا رَمَضَانَ.

ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىيقتىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزنى ھەققىدە سورىدۇم. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان تۇتاتتى، ھەتتا بىز

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئەمدى بىر مەزگىل) رامىزان تۇتىدىغان بولدى دېيىشىپ قالاتتۇق. رامىزان تۇتماي يۈرۈپ كېتەتتى، ھەتتا بىز (رەسۇلۇللاھ ئەمدى بىر مەزگىل) رامىزان تۇتمايدىغان بولدى دېيىشىپ قالاتتۇق. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن بۇيان رامىزاندىن باشقا چاغدا تولۇق بىر ئاي روزا تۇتۇپ باقمىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

215. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ سُئِلَ عَنْ صَوْمِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: كَانَ يَصُومُ مِنَ الشَّهْرِ حَتَّى نَرَى أَنْ لَا يُرِيدَ أَنْ يُفْطِرَ مِنْهُ، وَيُفْطِرُ مِنْهُ حَتَّى نَرَى أَنْ لَا يُرِيدَ أَنْ يَصُومَ مِنْهُ شَيْئًا وَكُنْتَ لَا تَشَاءُ أَنْ تَرَاهُ مِنَ اللَّيْلِ مُصَلِّيًا إِلَّا رَأَيْتَهُ مُصَلِّيًا، وَلا نَائِمًا إِلَّا رَأَيْتَهُ نَائِمًا .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئەنەستىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزىنى ھەققىدە سورىغان ئىدى ئەنەس مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاي ئىچىدىن روزا تۇتاتتى، ھەتتا بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئاي ئىچىدە ئېغىزى ئوچۇق يۈرمىسە كېرەك دەپ ئويلاپ قالاتتۇق. رەسۇلۇللاھ ئېغىزى

ئوچۇق يورىدىغان ئىدى، ھەتتا بىز بۇ ئايدا رامىزان تۇتماي ئۆتكۈزسە كېرەك دەپ ئويلاپ قالاتتۇق. كېچىلىرى ناماز ئوقۇمايدىغۇ دەپ ئويلىساڭ ناماز ئوقۇۋاتقان، ناماز ئوقۇيدىغۇ دەپ ئويلىساڭ ئۇخلاۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتىڭ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

216. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَصُومُ حَتَّى نَقُولَ مَا يُرِيدُ أَنْ يُفْطِرَ مِنْهُ، وَيُفْطِرُ حَتَّى نَقُولَ مَا يُرِيدُ أَنْ يَصُومَ مِنْهُ، وَمَا صَامَ شَهْرًا كَامِلا مُنْذُ قَدِمَ الْمَدِينَةَ إِلَّا رَمَضَانَ .

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتۇپ كېتەتتى، ھەتتا بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ئايدا روزا تۇتماي (ئېغىزى ئوچۇق) يۈرمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتۇق. روزا تۇتماي يۈرۈپ كېتەتتى، ھەتتا بىز بۇ ئايدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتمايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن رامىزان ئېيىدىن باشقا ۋاقىتتا تولۇق بىر ئاي روزا تۇتۇپ باقمىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

217. عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: مَا رَأَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَصُومُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ إِلَّا شَعْبَانَ وَرَمَضَانَ.

قَالَ أَبُو عِيسَى: هَذَا إِسْنَادٌ صَحِيحٌ وَهَكَذَا قَالَ: عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ وَرَوَى هَذَا الْحَدِيثَ غَيْرُ وَاحِدٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ عَنْ عَائِشَةَ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەئبان بىلەن رامىزان ئېيىدىن باشقا ۋاقىتتا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئاي روزا تۇتقىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

ئەبۇ ئىيسا (مۇئەللىپ) مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادى سەھىھ ئىسنادتۇر. (بۇ ھەدىس ئەبى سەلەمەدىن، ئۇممۇ سەلەمە دىن رىۋايەت قىلىنغان. يەنە بىر نەچچە كىشى ئەبى سەلەمەدىن ئۇ كىشى ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن، ئائىشە ئانىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغان.)

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

218. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: لَمْ أَرَ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَصُومُ فِي شَهْرٍ أَكْثَرَ مِنْ صِيَامِهِ لِلَّهِ فِي شَعْبَانَ، كَانَ يَصُومُ شَعْبَانَ إِلَّا قَلِيلًا، بَلْ كَانَ يَصُومُهُ كُلَّهُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھېچبىر ئايدا شەئبان ئېيىدا ئاللاھ ئۈچۈن روزا تۇتقىنىدىن كۆپرەك روزا تۇتقىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. شەئباننىڭ ئاز قىسمىدىن باشقىسىدا روزا تۇتاتتى. بەلكى ھەممىسىدە روزا تۇتاتتى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

219. عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَصُومُ مِنْ غُرَّةِ كُلِّ شَهْرٍ ثَلاثَةَ أَيَامٍ، وَقَلَّمَا كَانَ يُفْطِرُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئاينىڭ بېشىدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتاتتى. (ئالدىدىكى كۈنلەردە روزا تۇتقىنى ئۈچۈن) جۈمە كۈنى ئېغىزى ئوچۇق يۈرىدىغان ئەھۋال ئاز ئىدى.

ئىمام ئەھمەد، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان

220. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَتَحَرَّى صَوْمَ الاِثْنَيْنِ وَالْخَمِيسِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىشانلىق ھالدا دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتاتتى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

221. عَـنْ أَبِي هُرَيْـرَةَ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ أَنَّ النَّـبِيَّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ قَـالَ: تُعْـرَضُ الْأَعْمَـالُ يَـوْمَ الِاثْنَـيْنِ وَالْخَمِـيسِ، فَأُحِـبُّ أَنْ يُعْـرَضَ عَمَلِي وَأَنَا صَائِمٌ .

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى (ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن) كۆزدىن كەچۈرۈلىدۇ. مەن ئەمەللىرىمنىڭ مەن روزىدار ھالدا كۆزدىن كەچۈرۈلگەن بولۇشىنى خالايمەن.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

222. عَـنْ عَائِشَـةَ رَضِـيَ اللهُ عَنْهَـا قَالَـتْ: كَانَ النَّـبِيُّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ يَصُـومُ مِـنَ الشَّـهْرِ السَّـبْتَ وَالْأَحَـدَ وَالِاثْنَـيْنَ، وَمِـنَ الشَّـهْرِ الْآخَرِ الثُّلَاثَاءَ وَالْأَرْبَعَاءَ وَالْخَمِيسَ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئايدىن شەنبە يەكشەنبە دۈشەنبە كۈنلىرى، يەنە بىر ئايدىن سەيشەنبە چارشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتاتتى.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

223. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: مَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَصُومُ فِي شَهْرٍ أَكْثَرَ مِنْ صِيَامِهِ فِي شَعْبَانَ .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچبىر ئايدا شەئبان ئېيىدا روزا تۇتقىنىدەك كۆپ روزا تۇتمايتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

224. عَنْ مُعَاذَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: قُلْتُ لِعَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا: أَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَصُومُ ثَلاثَةَ أَيَّامٍ مِنْ كُلِّ شَهْرٍ؟ قَالَتْ: نَعَمْ قُلْتُ: مِنْ أَيِّهِ كَانَ يَصُومُ؟ قَالَتْ: كَانَ لَا يُبَالِي مِنْ أَيِّهِ صَامَ.

مۇئازە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھاغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتاتتىمۇ؟ دېسەم ئائىشە: ھەئە، دېدى. (ئاينىڭ بېشىمۇ ئوتتۇرىمۇ ئاخىرىمۇ) قايسىدىن تۇتاتتى؟ دېسەم ئائىشە ئانىمىز: قايسىسىدىن تۇتقان بولۇشى مۇھىم ئەمەس ئېدى دېدى.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە، ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان

225. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كَانَ عَاشُورَاءُ يَوْمًا تَصُومُهُ قُرَيْشٌ فِي الْجَاهِلِيَّةِ، وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَصُومُهُ. فَلَمَّا قَدِمَ الْمَدِينَةَ صَامَهُ وَأَمَرَ بِصِيَامِهِ. فَلَمَّا افْتُرِضَ رَمَضَانُ كَانَ رَمَضَانُ هُوَ الْفَرِيضَةُ وَتُرِكَ عَاشُورَاءُ. فَمَنْ شَاءَ صَامَهُ وَمَنْ شَاءَ تَرَكَهُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: ئاشۇرا كۈنى قۇرەيش قەبىلىسى جاھىلىيەتتە روزا تۇتىدىغان كۈن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كۈنى روزا تۇتاتتى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەلگىنىدە ئۇ كۈندە روزا تۇتتى ۋە تۇتۇشقا بۇيرىدى. رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلۇپ، روزا تۇتۇش پەرز بولغاندا بولسا ئاشۇرا روزىسى تەرك قىلىندى. (ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇشنى) خالىغان ئادەم روزا تۇتىدۇ، خالىمىغان ئادەم تۇتمىسىمۇ بولىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

226. عَنْ عَلْقَمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَأَلْتُ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَخُصُّ مِنَ الأَيَّامِ شَيْئًا؟ قَالَتْ: كَانَ عَمَلُهُ دِيمَةً، وَأَيُّكُمْ يُطِيقُ مَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُطِيقُ ؟.

ئەلقەمە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈنلەرنى (مەخسۇس نەپلە ئىبادەت ئۈچۈن) ئاجرىتىدىغانمىدى؟ دەپ سورىسام، ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمەلى دائىمى ئىدى. قايسىڭلار رەسۇلۇللاھنىڭ بەرداشلىق بەرگىنىگە بەرداشلىق بېرەلەيسىلەر؟! دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

227. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: دَخَلَ عَلَيَّ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعِنْدِي امْرَأَةٌ، فَقَالَ: مَنْ هَذِهِ؟ قُلْتُ: فُلاَنَةُ لَا تَنَامُ اللَّيْلَ. فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: عَلَيْكُمْ مِنَ الأَعْمَالِ مَا تُطِيقُونَ، فَوَاللَّهِ لَا يَمَلُّ اللَّهُ حَتَّى تَمَلُّوا، وَكَانَ أَحَبَّ ذَلِكَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الَّذِي يَدُومُ عَلَيْهِ صَاحِبُهُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ مېنىڭ يېنىمغا كىردى. بۇ چاغدا يېنىمدا بىر ئايال كىشى بار ئېدى. رەسۇلۇللاھ: بۇ كىم ؟ دېدى مەن: بۇ پالانى ئايال بولىدۇ، كېچىدە (ئىبادەت قىلىپ) ئۇخلىمايدۇ ـ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەمەللەردىن بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەمەلنى قىلىڭلار. ئەزىمرايى، سىلەر زېرىكمىپ قالمىغۇچە ئاللاھ زېرىكىپ قالمايدۇ ـ دېدى. ئەمەللەر ئىچىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل (ئاز بولسىمۇ) ئىگىسى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەمەل ئېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

228. عَنْ أَبِي صَالِحٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَأَلْتُ عَائِشَةَ وَأُمَّ سَلَمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَيُّ الْعَمَلِ كَانَ أَحَبَّ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ؟ قَالَتَا: مَا دِيمَ عَلَيْهِ وَإِنْ قَلَّ.

ئەبى سالىھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: مەن ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇمادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل قايسى ئىدى؟ دەپ سورىسام ئۇ ئىككىيلەن: ئاز بولسىمۇ دائىمى بولغان ئەمەل رەسۇلۇللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل ئىدى دېيىشتى.

مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

229. عَنْ عَوْفَ بْنَ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: كُنْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيْلَةً فَاسْتَاكَ، ثُمَّ تَوَضَّأَ، ثُمَّ قَامَ يُصَلِّي، فَقُمْتُ مَعَهُ فَبَدَأَ فَاسْتَفْتَحَ الْبَقَرَةَ، فَلا يَمُرُّ بِآيَةِ رَحْمَةٍ إِلَّا وَقَفَ فَسَأَلَ، وَلا يَمُرُّ بِآيَةِ عَذَابٍ إِلَّا وَقَفَ فَتَعَوَّذَ، ثُمَّ رَكَعَ فَمَكَثَ رَاكِعًا بِقَدْرِ قِيَامِهِ وَيَقُولُ فِي رُكُوعِهِ: "سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوتِ وَالْمَلَكُوتِ، وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ" ثُمَّ سَجَدَ بِقَدْرِ رُكُوعِهِ وَيَقُولُ فِي سُجُودِهِ: "سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوتِ وَالْمَلَكُوتِ، وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ" ثُمَّ قَرَأَ آلَ عِمْرَانَ ثُمَّ سُورَةً، يَفْعَلُ مِثْلَ ذَلِكَ فِي كُلِّ رَكْعَةٍ.

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كېچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئورنىدىن تۇرۇپ) مىسۋاك قىلدى. ئارقىدىن تاھارەت ئېلىپ نامازغا تۇردى. مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە تۇردۇم. رەسۇلۇللاھ سۈرە بەقەرەنى قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. رەھمەت ئايىتىنى (ئاللاھنىڭ

رەھمىتى سۆزلىنىدىغان ئايەتنى) ئوقۇسا، توختاپ (ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى) تىلەيتتى. (ئاللاھنىڭ ئازابى سۆزلىنىدىغان) ئازاپ ئايىتىنى ئوقۇسا، توختاپ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن پاناھلىق تىلەيتتى. ئاندىن رۇكۇ قىلدى. رۇكۇسىدا قىيامدا تۇرغانچىلىك (ئۇزۇن) مۇددەت تۇردى. رۇكۇسىدا: «سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوتِ وَالْمَلَكُوتِ، وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ» «كۈچتۈنگۈرلۈك، سەلتەنەت، بۈيۈكلۈك ۋە كاتتىلىق ئىگىسى بولغان ئاللاھنى (بارلىق ئەيىپ نۇقسانلاردىن) پاكتۇر دەپ بىلىمەن» دەيتتى. ئاندىن رۇكۇ قىلغانچىلىك مۇددەت سەجدە قىلدى. سەجدىسىدە «سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوتِ وَالْمَلَكُوتِ، وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ» «كۈچتۈنگۈرلۈك، سەلتەنەت، بۈيۈكلۈك ۋە كاتتىلىق ئىگىسى بولغان ئاللاھنى (بارلىق ئەيىپ نۇقسانلاردىن) پاكتۇر دەپ بىلىمەن» دەيتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئالى ئىمران سۈرىسىنى قىرائەت قىلدى. ئاندىن بىر سۈرە قىرائەت قىلدى. ھەر بىر رەكئەتتە يۇقىرىقىدەك قىلاتتى.

ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى رىۋايەت قىلغان

## 41. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتى ھەققىدە

230. عَنْ قَتَادَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قُلْتُ لأَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: كَيْفَ كَانَتْ قِرَاءَةُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ؟ فَقَالَ: مَدًّا .

قەتادەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇغا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداق قىرائەت قىلاتتى؟ دېسەم ئۇ: سوزۇپراق (قىرائەت قىلاتتى) دېدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

231. عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقْطَعُ قِرَاءَتَهُ يَقُولُ: الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ثُمَّ يَقِفُ ثُمَّ يَقُولُ: الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ ثُمَّ يَقِفُ، وَكَانَ يَقْرَأُ مَلِكِ يَوْمِ الدِّينِ.

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈپ - ئۈزۈپ قىرائەت قىلاتتى. «الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ» «بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئاللاھقا خاستۇر» دەيتتى. ئاندىن توختايتتى. ئاندىن «الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ» «(ئۇ) كۆيۈنگۈچى ئايىغۇچىدۇر» دەپ توختايتتى. «مَلِكِ يَوْمِ الدِّينِ» «قىيامەت كۈنىنىڭ پادىشاھىدۇر» دەپ قىرائەت قىلاتتى. (يەنى مَالِكِ " ئىگە " سۆزىنى مَلِكِ "پادىشاھ " دەپ قىرائەت قىلاتتى.)

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە، ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان

232. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي قَيْسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَأَلْتُ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا عَنْ قِرَاءَةِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَكَانَ يُسِرُّ بِالْقِرَاءَةِ أَمْ يَجْهَرُ؟ قَالَتْ: كُلُّ ذَلِكَ قَدْ كَانَ يَفْعَلُ، قَدْ كَانَ رُبَّمَا أَسَرَّ وَرُبَّمَا جَهَرَ. فَقُلْتُ: الْحَمْدُ لِلَّهِ، الَّذِي جَعَلَ فِي الأَمْرِ سَعَةً.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى قەيستىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتى ھەققىدە رەسۇلۇللاھ قىرائەتنى مەخپىي (ئىچىدە) قىلىدىغانمىدى ياكى جەھرى (ئۈنلۈك ئاۋازدا) قىلىدىغانمىدى؟ دەپ سورىسام، ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھا: ھەممىسىنى قىلاتتى، بەزىدە مەخپىي، بەزىدە جەھرى قىرائەت قىلاتتى دېدى. مەن: ئىشلاردا كەڭچىلىك قىلغان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن دېدىم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

233. عَنْ أُمِّ هَانِئٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كُنْتُ أَسْمَعُ قِرَاءَةَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِاللَّيْلِ وَأَنَا عَلَى عَرِيشِي.

ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىلىك (نامازدا قىلغان) قىرائىتىنى كارۋىتىمدا (يېتىپ) تۇرۇپ ئاڭلايتتىم.

ئىمام ئەھمەد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

234. عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ قُرَّةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ مُغَفَّلٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: رَأَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى نَاقَتِهِ يَوْمَ الْفَتْحِ، وَهُوَ يَقْرَأُ: «إِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُبِينًا لِيَغْفِرَ لَكَ اللَّهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ» قَالَ: فَقَرَأَ وَرَجَّعَ، قَالَ: وَقَالَ مُعَاوِيَةُ بْنُ قُرَّةَ: لَوْلا أَنْ يَجْتَمِعَ النَّاسُ عَلَيَّ لأَخَذْتُ لَكُمْ فِي ذَلِكَ الصَّوْتِ أَوْ قَالَ: اللَّحْنِ.

مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككە فەتھى بولغان كۈنى تۆگىگە مىنگەن ھالدا «إِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُبِينًا لِيَغْفِرَ لَكَ اللَّهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ» (ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن... بىز ساڭا ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق) دېگەن ئايەتنى قىرائەت قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆردۈم. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بۇ ئايەتلەرنى مۇڭلۇق چىرايلىق ئوقۇدى. مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررە مۇنداق دېدى: ئەگەر ئادەملەرنىڭ ئۈستۈمگە يىغىلىۋېلىشىنى دېمىسەم، سىلەرگە شۇ ئاۋازنى ياكى ئاھاڭنى دوراپ بېرەتتىم .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

235. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَتْ قِرَاءَةُ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رُبَّمَا يَسْمَعُهَا مَنْ فِي الْحُجْرَةِ وَهُوَ فِي الْبَيْتِ .

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ قىلغان قىرائىتىنى بەزىدە ھويلىدىكى ئادەم ئاڭلىيالايتتى.

ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان

## 42. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يىغىسى ھەققىدە

236. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الشِّخِّيرِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ يُصَلِّي ، وَلِجَوْفِهِ أَزِيزٌ كَأَزِيزِ الْمِرْجَلِ مِنَ الْبُكَاءِ .

ئابدۇللاھ ئىبنى شىخخىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلسەم رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇۋېلىپ تۇرغان ئىكەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قورسىقى يىغىدىن قازان قاينىغاندەك قايناۋاتاتتى.

ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان

237. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: اقْرَأْ عَلَيَّ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، أَقْرَأُ عَلَيْكَ وَعَلَيْكَ أُنْزِلَ؟ قَالَ: إِنِّي أُحِبُّ أَنْ أَسْمَعَهُ مِنْ غَيْرِي، فَقَرَأْتُ سُورَةَ النِّسَاءِ، حَتَّى بَلَغْتُ «وَجِئْنَا بِكَ عَلَى هَؤُلاءِ شَهِيدًا» قَالَ: فَرَأَيْتُ عَيْنَيْ رَسُولِ اللهِ تَهْمِلانِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا «قۇرئان ئوقۇپ بەرگىن» دېدى. مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، قۇرئان سىلىگە چۈشۈرۈلگەن تۇرسا، سىلىگە ئوقۇپ بېرەمدىم؟ دېدىم. رەسۇلۇللاھ: مەن قۇرئاننى باشقىلاردىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن سۈرە نىسانى ئوقۇدۇم. ئوقۇپ «وَجِئْنَا بِكَ عَلَى هَؤُلاءِ شَهِيدًا» (بىز سېنى ئۇلار ئۈستىدىن گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرىمىز) دېگەن ئايەتكە يېتىپ كەلدىم. ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: (بۇ چاغدا) مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

238. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: انْكسفَتِ الشَّمْسُ يَوْمًا عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي، حَتَّى لَمْ يَكَدْ يَرْكَعُ ثُمَّ رَكَعَ، فَلَمْ يَكَدْ يَرْفَعُ رَأْسَهُ، ثُمَّ

رَفَعَ رَأْسَهُ، فَلَمْ يَكَدْ أَنْ يَسْجُدَ، ثُمَّ سَجَدَ فَلَمْ يَكَدْ أَنْ يَرْفَعَ رَأْسَهُ، ثُمَّ رَفَعَ رَأْسَهُ، فَلَمْ يَكَدْ أَنْ يَسْجُدَ، ثُمَّ سَجَدَ فَلَمْ يَكَدْ أَنْ يَرْفَعَ رَأْسَهُ، فَجَعَلَ يَنْفُخُ وَيَبْكِي وَيَقُولُ: رَبِّ أَلَمْ تَعِدْنِي أَنْ لَا تُعَذِّبَهُمْ وَأَنَا فِيهِمْ؟ رَبِّ أَلَمْ تَعِدْنِي أَنْ لَا تُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ؟ وَنَحْنُ نَسْتَغْفِرُكَ فَلَمَّا صَلَّى رَكْعَتَيْنِ انْجَلَتِ الشَّمْسُ، فَقَامَ فَحَمِدَ اللهَ تَعَالَى وَأَثْنَى عَلَيْهِ، ثُمَّ قَالَ: إِنَّ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ آيَتَانِ مِنْ آيَاتِ اللهِ لَا يَنْكَسِفَانِ لِمَوْتِ أَحَدٍ وَلَا لِحَيَاتِهِ، فَإِذَا انْكَسَفَا فَافْزَعُوا إِلَى ذِكْرِ اللهِ تَعَالَى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە بىر كۈنى كۈن تۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇردى. رەسۇلۇللاھ ھېچ رۇكۇ قىلاي دېمەيتتى. ئارقىدىن رۇكۇ قىلدى، ھېچ رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرەي دېمەيتتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى، ھېچ سەجدە قىلاي دېمەيتتى. ئاندىن سەجدە قىلدى، ھېچ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرەي دېمەيتتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى، ھېچ سەجدە قىلاي دېمەيتتى. ئاندىن سەجدە قىلدى، ھېچ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرەي دېمەيتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنۇلارنى دېيىشكە باشلىدى: «ئى رەببىم، سەن ماڭا مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بار ئەھۋالدا ئۇلارنى ئازابلىمايدىغانلىقىڭنى

ۋەدە قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئى رەببىم، سەن ئۇلار مەغپىرەت تەلەپ قىلىپلا تۇرسا، ئۇلارنى ئازاپلىمايدىغانلىقىڭنى ۋەدە قىلغان ئەمەسمۇ؟! بىز سەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز.»
رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولغىنىدا كۈن ئېچىلغان ئېدى. رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاللاھقا ھەمدە ۋە سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: كۈن بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئىككى مۆجىزىدۇر. بىر كىشىنىڭ ئۆلگىنى ياكى ھايات بولغىنى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. ئۇ ئىككىسى تۇتۇلسا ئاللاھنىڭ زىكرىگە (يەنى نامازغا) ئالدىراڭلار.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

239. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ابْنَةً لَهُ تَقْضِي فَاحْتَضَنَهَا فَوَضَعَهَا بَيْنَ يَدَيْهِ ، فَمَاتَتْ وَهِيَ بَيْنَ يَدَيْهِ وَصَاحَتْ أُمُّ أَيْمَنَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا، فَقَالَ يَعْنِي صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: أَتَبْكِينَ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ؟ فَقَالَتْ: أَلَسْتُ أَرَاكَ تَبْكِي؟ قَالَ: إِنِّي لَسْتُ أَبْكِي، إِنَّمَا هِيَ رَحْمَةٌ، إِنَّ الْمُؤْمِنَ بِكُلِّ خَيْرٍ عَلَى كُلِّ حَالٍ، إِنَّ نَفْسَهُ تُنْزَعُ مِنْ بَيْنِ جَنْبَيْهِ وَهُوَ يَحْمَدُ اللَّهَ تعالى .

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بىر قىزىنى

[40]قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى. ئاندىن قىزنى ئالدىغا قويدى، قىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇممۇ ئەيمەن ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى رەسۇلۇللاھ: سىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا يىغلاۋاتامسىز؟! دېدى ئۇممۇ ئەيمەن: مەن سىلىنىڭ يىغلىغانلىرىنى كۆردۇمغۇ ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: مەن يىغلىمايمەن. ئۇ بىر رەھمەتتۇر. مۆئمىن ھەر قانداق ئەھۋالدا تولۇق ياخشىلىق ئىچىدىدۇر. مۆئمىننىڭ جېنى چىقىۋاتقان چاغدا ھەم ئاللاھقا ھەمدە ئېيتقان ھالدا بولىدۇ - دېدى.

نەسەئى، ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان

**240. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَبَّلَ عُثْمَانَ بْنَ مَظْعُونٍ وَهُوَ مَيِّتٌ وَهُوَ يَبْكِي أَوْ قَالَ: عَيْنَاهُ تَهْرَاقَانِ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جان ئۈزۈپ بولغان ئوسمان ئىبنى مەزئۇننى يىغلاپ تۇرۇپ، ياكى ئىككى كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ تۇرۇپ سۆيگەن ئىدى .

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

[40]. بەزى ئالىملار بۇ ئۆلۈپ كەتكەن قىزنى رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى زەينەپنىڭ ئەبلئاس ئىبنى رەبىئدىن بولغان قىزى. يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ نەۋرىسىدۇر دەپ كۆرسەتكەن.

241. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: شَهِدْنَا ابْنَةً لِرَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، وَرَسُولُ اللهِ جَالِسٌ عَلَى الْقَبْرِ، فَرَأَيْتُ عَيْنَيْهِ تَدْمَعَانِ، فَقَالَ: أَفِيكُمْ رَجُلٌ لَمْ يُقَارِفِ اللَّيْلَةَ؟ قَالَ أَبُو طَلْحَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَا، قَالَ: انْزِلْ فَنَزَلَ فِي قَبْرِهَا.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قىزىغا (دەپنە مۇراسىمىغا) قاتناشتۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. رەسۇلۇللاھ: ئاراڭلاردا بۇ كېچە ئايالى بىلەن بىر يەردە بولمىغان بىرسى بارمۇ ؟ دېۋىدى، ئەبۇ تەلھە مەن بار- دېدى. رەسۇلۇللاھ: سەن (قەبرىگە) چۈشكىن دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە قەبرىگە (قىزنى يەرلىككە قويۇش ئۈچۈن) چۈشتى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

## 43. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرپىسى ھەققىدە

242. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: إِنَّمَا كَانَ فِرَاشُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الَّذِي يَنَامُ عَلَيْهِ مِنْ أَدَمٍ حَشْوُهُ لِيفٌ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېتىپ ئۇخلايدىغان كۆرپىسى تېرىدىن بولۇپ پاختىسى (ئورنىدا خورما دەرىخىدىن چىقىدىغان) خورما تالاسى ئېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

## 44. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەمتەرلىكى ھەققىدە

243. عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَا تُطْرُونِي كَمَا أَطْرَتِ النَّصَارَى ابْنَ مَرْيَمَ، إِنَّمَا أَنَا عَبْدٌ، فَقُولُوا: عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: سىلەر مېنى ناسارالار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرغاندەك كۆككە ئۇچۇرماڭلار. جەزمەنكى مەن بىر بەندىمەن. ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر دەڭلار.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

244. عَـنْ أَنَـسِ بْـنِ مَالِـكٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ أَنَّ امْـرَأَةً جَـاءَتْ إِلَى النَّـبِيِّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ فَقَالَـتْ لَـهُ: إِنَّ لِي إِلَيْـكَ حَاجَـةً، فَقَـالَ: اِجْلِسِـي فِي أَيِّ طَرِيـقِ الْمَدِينَةِ شِئْتِ أَجْلِسْ إِلَيْكِ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ رەسۇلۇللاھقا: مېنىڭ سىلىگە ھاجىتىم بار- دېگەن ئېدى، رەسۇلۇللاھ: سىز مەدىنىنىڭ قايسى كوچىسىنى خالىسىڭىز شۇنىڭدا ئولتۇرۇڭ. مەن سىز (نىڭ دەردىڭىزنى ئاڭلاش) ئۈچۈن[41] ئولتۇرىمەن دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

245. عَـنْ أَنَـسِ بْـنِ مَالِـكٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ قَـالَ: كَانَ النَّـبِيُّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ يُـدْعَى إِلَى خُبْـزِ الشَّـعِيرِ، وَالإِهَالَـةِ السَّـنِخَةِ، فَيُجِيـبُ وَلَقَدْ كَانَ لَهُ دِرْعٌ عِنْدَ يَهُودِيٍّ، فَمَا وَجَدَ مَا يَفُكُّهَا حَتَّى مَاتَ.

41. بۇ ھەدىستىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نە قەدەر كەمتەر ئىكەنلىكىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىنكى: پالانى ۋاقىتتا كېلىڭ، پالانى يەرگە كېلىڭ، ئالدىن كېلىشكەنمۇ ؟! دېگەن گەپلەرنى قىلمىغان. سىز خالىغان يەرنى تاللاڭ ۋە پالانى يەر دەڭ، مەن ئالدىڭىزغا باراي دېگەن. مانا بۇ رەسۇلىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاقى ۋە ئالىجاناپ پەزىلەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ دەۋىردىكى ئالىمىدىن تارتىپ ھۆكۈمرانىغىچە بولغان ئۈممەت ئەخلاقى قەيەردە، ئاللاھ بۇ ئۈممەتكە ئۆلگەڭلار دەۋاتقان رەسۇلنىڭ ئەخلاقىچۇ؟!.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارپا نېنى بىلەن پۇراپ قالغان كونا ياغقا (يېپىشكە) تەكلىپ قىلىنسىمۇ باراتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر يەكتىكى (بۇخارىيدا جەۋھەدە كىيىدىغان ساۋۇتى دېيىلگەن) بىر يەھۇدىينىڭ ئىلكىدە (يىگىرمە ياكى ئوتتۇز سا ئاشلىق ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان) ئىدى. شۇ يەكتەكنى ئاجرىتىپ ئالغۇدەك نەرسە تاپالماي ئالەمدىن ئۆتتى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

246. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: حَجَّ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى رَحْلٍ رَثٍّ، وَعَلَيْهِ قَطِيفَةٌ، لَا تُسَاوِي أَرْبَعَةَ دَرَاهِمَ، فَقَالَ: اللَّهُمَّ اجْعَلْهُ حَجًّا لَا رِيَاءَ فِيهِ وَلَا سُمْعَةَ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (تۆگىگە توقۇلغان) كونا بىر توقۇم ئۈستىدە ھەج قىلدى. توقۇم ئۈستىدە تۆت دەرھەمگە ئالمايدىغان بىر پالاس

بار ئېدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: ئى ئاللاھ بۇ ھەجنى رىيا ۋە نام چىقىرىش (مەقسەت قىلىنمىغان) بىر ھەج قىلغىن.[42]

يەنە بىر رىۋايەتتە: بىز رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسىگە توقۇلغان ئۇ توقۇمنى تۆت دەرھەمگە ئالارمىكىن دەپ قارايتتۇق. رەسۇلۇللاھ تۆگىنى قوزغاتقاندا: رىيا ۋە نام چىقىرىش مەقسەت قىلىنمىغان بىر ھەجگە لەببەي. (تەييار بولدۇم) دېدى.

ئىبنى ماجە، ئىبنى ئەبى شەيبە، زىيا مەقدەسى رىۋايەت قىلغان

---

[42]. ھەج مەسىلىسى ھەققىدە رەسۇلىمىزنىڭ «رىيا ۋە نام چىقىرىش مەقسەت قىلىنمىغان ھەج» دېيىشىنى كۆرۈڭ. يەنە بەزىلەرنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى؟!. ئىجتىمائى ئالاقە ۋاستىلىرىدا كەئبىنىڭ ئالدىدا ئىھراملىق بىلەن رەسىمگە چۈشۈپ «مەن ھەرەمدە جۇمۇ، ھەرەمگە كەلدىم» دېگەندەك، ئەرەپاتتا ئىھراملىق كېيىپ قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىۋاتقان ھالەتتە رەسىمگە چۈشۈپ «مانا مەن ھاجى بولدۇم. ھەرەمدە ئىبادەت قىلىپ، دۇئا قىلىۋاتىمەن، كۆرىۋېلىڭلار» دېگەندەك قىلىپ كېتىشلەر... ھەتتا ھەج قىلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ھاجىم» ئىسمى قوشۇلمىسا ھۆرمەتسىزلىك قىلىنغاندەك بىر خىل كەيپىياتتا نارازى بولۇشلار.... مانا بۇلار رەسۇلىمىزدىن ئىبارەت رىيادىن پاك زاتنىڭ بىز ئۈممەتنى ساقلانسۇن دېگەنلىكتىن ئۆزىنى ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاللاھنىڭ رىياخورلار قاتارىدىن قىلىپ قويماسلىقىنى تىلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلغان، ئاز دېگەندە نەچچە ئايلىق سەپەرنىڭ چىقىمى ۋە جاپاسىنى تارتىپ ھەج قىلغان ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئەمىلىنى پايدىسىز، سەلەپلەردىن ھېچكىم قىلمىغان بىدئەت «ھاجى» دېگەن ئۇنۋان ياكى ئىجتىمائى ئالاقە ۋاستىلىرىغا يوللىغان رەسىملەر بىلەن رىيا قىلىپ بەربات قىلىۋېتىشى بىر بىمەنىلىكتۇر. ئاللاھ كىچىك شىرىك ھېساپلانغان رىيانىڭ ئەمەللىرىمىزنى بەربات قىلىشىدىن ساقلىسۇن. ئىبادەت ئارقىلىق نام ئاتاق، ئۇنۋان قازىنىشنى مەقسەت قىلىدىغانلاردىن قىلىپ قويمىسۇن. چۈنكى سەلەپلىرىمىز رىيادىن ئىبارەت بۇ شىرىككە «بۇ شېرىك قاراڭغۇ كېچىدە، قارا تاشنىڭ ئۈستىدىكى قارا چۆمۈلىدىنمۇ بەكرەك يوشۇرۇندۇر» دەپ تەبىر بېرىشكەن.

247. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: لَمْ يَكُنْ شَخْصٌ أَحَبَّ إِلَيْهِمْ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ. وَقَالَ: وَكَانُوا إِذَا رَأَوْهُ لَمْ يَقُومُوا، لِمَا يَعْلَمُونَ مِنْ كَرَاهَتِهِ لِذَلِكَ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: ساھابىلارغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ مەھبۇپراق بىر ئىنسان يوق ئېدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ساھابىلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈشسە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قوپۇشىنى) ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن قوپمايدىغان ئېدى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە، بۇخارى «ئەدەبۇلمۇفرەد» تە رىۋايەت قىلغان

248. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَوْ أُهْدِيَ إِلَيَّ كُرَاعٌ لَقَبِلْتُ، وَلَوْ دُعِيتُ عَلَيْهِ لَأَجَبْتُ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئەگەر ماڭا بىر قوي پاچىقى ھەدىيە قىلىنسا، مەن قوبۇل قىلغان بولاتتىم. ئەگەر مەن قوي پاچىقىغا (يېيىشكە) تەكلىپ قىلىنسام بارغان بولاتتىم.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە رىۋايەت قىلغان

249. عَـنْ جَـابِرٍ رَضِـيَ اللهُ تَعَـالَى عَنْـهُ قَـالَ: جَـاءَنِي رَسُـولُ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيْسَ بِرَاكِبِ بَغْلٍ وَلا بِرْذَوْنٍ .

جابىر رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭكىگە خېچىر ياكى ئارغىماق مىنمەستىن (پىيادە، يوقلاپ) كەلدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

250. عَنْ يُوسُف بْن عَبْدِ اللهِ بْنِ سَلامٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَمَّانِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُوسُفَ، وَأَقْعَدَنِي فِي حِجْرِهِ، وَمَسَحَ عَلَى رَأْسِي .

يۇسۇپ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا يۇسۇپ دەپ ئات قويۇپ، مېنى قۇچىقىغا ئالغان ۋە بېشىمنى سىيلىغان (ئىكەن.)

ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى رىۋايەت قىلغان

251. عَنْ عَمْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: قِيلَ لِعَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا: مَاذَا كَانَ يَعْمَلُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي بَيْتِهِ؟ قَالَتْ: كَانَ بَشَرًا مِنَ الْبَشَرِ، يَفْلِي ثَوْبَهُ، وَيَحْلُبُ شَاتَهُ، وَيَخْدُمُ نَفْسَهُ.

ئەمرە دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىلىدە نىمە ئىش قىلاتتى؟ دەپ سورىغان ئىدى ئائىشە ئانىمىز: رەسۇلۇللاھ ئىنسانلاردىن بىرى (كەبى) ئىدى. كىيىمنى (پىت ، بۈرگە بارمۇ - يوق؟ دەپ) باقاتتى. ئۆچكىسىنى ساغاتتى. ئۆزىگە خىزمەت قىلاتتى. (يەنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسى ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى)

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

## 45. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە

252. عَنْ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُقْبِلُ بِوَجْهِهِ وَحَدِيثِهِ عَلَى أَشَرِّ الْقَوْمِ يَتَأَلَّفُهُمْ بِذَلِكَ، فَكَانَ يُقْبِلُ بِوَجْهِهِ وَحَدِيثِهِ عَلَيَّ حَتَّى ظَنَنْتُ أَنِّي خَيْرُ الْقَوْمِ، فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ! أَنَا خَيْرٌ أَوْ أَبُو بَكْرٍ؟ قَالَ: أَبُو بَكْرٍ، فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ! أَنَا خَيْرٌ أَوْ عُمَرُ؟ فَقَالَ: عُمَرُ، فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ! أَنَا خَيْرٌ أَوْ عُثْمَانُ؟ فَقَالَ: عُثْمَانُ، فَلَمَّا سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَصَدَقَنِي، فَلَوَدِدْتُ أَنِّي لَمْ أَكُنْ سَأَلْتُهُ.

ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئەسكى ئادەملەرگىمۇ چىرايىغا قاراپ سۆز قىلاتتى. بۇ

ئارقىلىق ئۇلار بىلەن يارىشىپ ئۆتۈشنى مەقسەت قىلاتتى. ماڭا گەپ قىلىسىمۇ چىرايىمغا قاراپ گەپ قىلاتتى. ھەتتا مەن ئۆزۈمنى ئەڭ ياخشى ئادەم دەپ ھېس قىلىپ قالدىم، ۋە: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، مەن ياخشىمۇ ياكى ئەبۇ بەكرىمۇ؟ دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ئەبۇ بەكرى دېدى. مەن: مەن ياخشىمۇ ياكى ئۆمەرمۇ؟ دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ئۆمەر دېدى. مەن: مەن ياخشىمۇ ياكى ئوسمانمۇ؟ دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ئوسمان دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىسام رەسۇلۇللاھ ماڭا راستىنى دېدى. مەن سورىمىغان بولساممۇ بولۇپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

253. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: خَدَمْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَشْرَ سِنِينَ، فَمَا قَالَ لِي أُفٍّ قَطُّ، وَمَا قَالَ لِشَيْءٍ صَنَعْتُهُ لِمَ صَنَعْتَهُ ؟! وَلا لِشَيْءٍ تَرَكْتُهُ لِمَ تَرَكْتَهُ؟! وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ أَحْسَنِ النَّاسِ خُلُقًا، وَلا مَسَسْتُ خَزًّا وَلا حَرِيرًا وَلا شَيْئًا كَانَ أَلْيَنَ مِنْ كَفِّ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، وَلا شَمَمْتُ مِسْكًا قَطُّ، وَلا عِطْرًا كَانَ أَطْيَبَ مِنْ عَرَقِ رسول الله صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئون يىل خىزمەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا «ئوف» (تويدۇم، زېرىكتىم) دەپ باقمىدى. ماڭا بىرەر ئىشنى قىلغىنىم ئۈچۈن: نىمە ئۈچۈن قىلدىڭ؟! ياكى بىر ئىشنى قىلمىغىنىم ئۈچۈن: نىمە ئۈچۈن قىلمىدىڭ؟! دېمىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەخلاق جەھەتتە ئەڭ ئېسىل ئىنسان ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالقىنىدىنمۇ يۇمشاقراق بىرەر ساپ ياكى ئارلاشما يىپەكنى سىلاپ باقمىدىم. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىدىدىنمۇ خۇشبۇيراق ئىپار ياكى ئەترنى پۇراپ باقمىدىم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

254. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنَّهَا قَالَتْ: لَمْ يَكُنْ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَاحِشًا وَلا مُتَفَحِّشًا، وَلا صَخَّابًا فِي الأَسْوَاقِ، وَلا يَجْزِئُ بِالسَّيِّئَةِ السَّيِّئَةَ، وَلَكِنْ يَعْفُو وَيَصْفَحُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېلىن گەپ قىلىدىغان ۋە ياكى سەت ئىش قىلىدىغان، بازارلاردا چۇقان سۈرەن قىلىدىغان كىشى ئەمەس ئىدى. يامانلىققا يامانلىق قىلماستىن ئەكسىچە ئەپۇ قىلىپ (يامانلىق قىلغانلارنىڭ گۇناھىدىن) ئۆتىۋېتەتتى.

ئىمام ئەھمەد، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

255. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: مَا ضَرَبَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِيَدِهِ شَيْئًا قَطُّ، إِلَّا أَنْ يُجَاهِدَ فِي سَبِيلِ اللهِ، وَلَا ضَرَبَ خَادِمًا وِلَا امْرَأَةً.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ يولىدىكى جىھادنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قولى بىلەن ھېچنەرسىنى ـ مەيلى خىزمەتچى مەيلى ئايال كىشى بولسۇن ـ ئۇرۇپ باقمىغان ئىدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

256. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: مَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُنْتَصِرًا مِنْ مَظْلَمَةٍ ظُلِمَهَا قَطُّ مَا لَمْ يُنْتَهَكْ مِنْ مَحَارِمِ اللهِ تَعَالَى شَيْءٌ، فَإِذَا انْتُهِكَ مِنْ مَحَارِمِ اللهِ شَيْءٌ كَانَ مِنْ أَشَدِّهِمْ فِي ذَلِكَ غَضَبًا، وَمَا خُيِّرَ بَيْنَ أَمْرَيْنِ إِلَّا اخْتَارَ أَيْسَرَهُمَا مَا لَمْ يَكُنْ مَأْثَمًا.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن بىرەرسى پايمال قىلىنمىسىلا، ئۆزى ئۇچرىغان ھېچبىر زۇلۇم تۈپەيلى (قارشى تەرەپتىن) شەخسى ئۆچىنى ئالغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن بىرەرسى پايمال قىلىنغۇدەك بولسا، ئەڭ قاتتىق غەزەپلىنىدىغان كىشى ئىدى. ئىككى

ئىش ئارىسىدا تاللاشقا قويۇلسا، گۇناھلىق ئىش بولمىسىلا ئەڭ ئاسان بولغىنىنى تاللايتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

257. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: اسْتَأْذَنَ رَجُلٌ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَنَا عِنْدَهُ، فَقَالَ: بِئْسَ ابْنُ الْعَشِيرَةِ أَوْ أَخُو الْعَشِيرَةِ، ثُمَّ أَذِنَ لَهُ، فَأَلَانَ لَهُ الْقَوْلَ، فَلَمَّا خَرَجَ قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ! قُلْتَ مَا قُلْتَ ثُمَّ أَلَنْتَ لَهُ الْقَوْلَ؟ فَقَالَ: يَا عَائِشَةُ! إِنَّ مِنْ شَرِّ النَّاسِ مَنْ تَرَكَهُ النَّاسُ أَوْ وَدَعَهُ النَّاسُ اتِّقَاءَ فُحْشِهِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدىم. رەسۇلۇللاھ:(بۇ) ناھايىتى ئەسكى بىر جەمەتداش (ياكى) يۇرتداش دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەمگە كىرىشكە رۇخسەت بەردى. ئۇ ئادەم كىرگەندە بولسا، ئۇنىڭغا مۇلايىم ئاۋازدا گەپ قىلدى. ئادەم چىقىپ كەتكەندە مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، (بايا ئۇ ئادەم ھەققىدە ) ھېلىقى گەپنى قىلىپ، ئارقىدىن مۇلايىم گەپ قىلدىلا؟ دېسەم رەسۇلۇللاھ: ئى ئائىشە، ئادەمنىڭ ئەڭ ئەسكىسى باشقىلار سەت گېپىدىن قورقۇپ يىراقلاشقان ياكى تاشلاپ كەتكەن ئادەمدۇر - دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

258. عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: مَا سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شَيْئًا قَطُّ فَقَالَ: لَا.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر ئادەم بىر نەرسە سوراپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياق! (يوق!) دەپ باقمىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

259. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَجْوَدَ النَّاسِ بِالْخَيْرِ، وَكَانَ أَجْوَدَ مَا يَكُونُ فِي شَهْرِ رَمَضَانَ حَتَّى يَنْسَلِخَ، فَيَأْتِيهِ جِبْرِيلُ فَيَعْرِضُ عَلَيْهِ الْقُرْآنَ، فَإِذَا لَقِيَهُ جِبْرِيلُ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَجْوَدَ بِالْخَيْرِ مِنَ الرِّيحِ الْمُرْسَلَةِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مال دۇنياغا كەلگەندە ئەڭ سېخى ئادەم ئىدى. رامىزاندا رامىزان ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر تېخىمۇ بەك سېخىيلىشىپ كېتەتتى. رامىزاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قۇرئان تىڭشىتاتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىققان شامالدىنمۇ

بەك (ھەممىگە ياخشىلىقى يېتىدىغان دېرىجىدە) سېخىيلىشىپ كېتەتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

260. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا يَدَّخِرُ شَيْئًا لِغَدٍ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچنەرسىنى كەلگۈسى ئۈچۈن[43] دەپ ساقلاپ قويمايتتى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە رىۋايەت قىلغان

261. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَقْبَلُ الْهَدِيَّةَ وَيُثِيبُ عَلَيْهَا .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىيە قوبۇل قىلىدىغان ۋە لايىقىدا جاۋاپ ( ھەدىيە) بېرىدىغان ئىدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

---

[43]. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىلىدىكىلەرنىڭ يەيدىغان ئاشلىقى سىرتىدا ھېچنەرسىنى غەملەپ كېيىن ئىشلىتىمىز دەپ ئېلىپ قويمايتتى. بەنى نەزىر جەمەتىنىڭ خورمىزارلىقىنى سېتىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىر يىللىق يەيدىغان ئوزۇقلىقىنى غەملىگەنلىكى بۇخارىيدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستىن مەلۇم. ئەمما پۇل ـ پۇچەك، كېيىم ـ كېچەك، بىسات قاتارلىقلارنى كەلگۈسى ئۈچۈن دەپ ئېلىپ قويمىغان ئىدى.

## 46. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىجىلچانلىقى ھەققىدە

262. عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَشَدَّ حَيَاءً مِنَ الْعَذْرَاءِ فِي خِدْرِهَا، وَكَانَ إِذَا كَرِهَ شَيْئًا عَرَفْنَاهُ فِي وَجْهِهِ.

ئەبى سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىمىلدىق ئىچىدىكى يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر ئىشتىن نارازى بولغان بولسا نارازى بولغىنىنى چىرايىدىنلا بىلىۋالاتتۇق.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

## 47. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قان ئالدۇرىشى ھەققىدە

263. عَنْ حُمَيْدٍ قَالَ: سُئِلَ أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ كَسْبِ الْحَجَّامِ، فَقَالَ: احْتَجَمَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، حَجَمَهُ أَبُو طَيْبَةَ، فَأَمَرَ لَهُ بِصَاعَيْنِ مِنْ طَعَامٍ، وَكَلَّمَ أَهْلَهُ فَوَضَعُوا

عَنْهُ مِنْ خَرَاجِهِ، وَقَالَ: إِنَّ أَفْضَلَ مَا تَدَاوَيْتُمْ بِهِ الْحِجَامَةُ، أَوْ إِنَّ مِنْ أَمْثَلِ دَوَائِكُمْ الْحِجَامَةَ.

هۇمەيدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم ئەنەس ئىبنى مالىكتىن لۇڭقا قويغۇچىنىڭ ئىش هەققى توغرىسىدا سورىغان ئىدى، ئەنەس رەزىيەللاهۇ تەئالا ئەنهۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاه سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم لۇڭقا قويدۇرغان. ئەبۇ تەيبە لۇڭقا قويۇپ قويغان ئىدى. رەسۇلۇللاه ئۇنىڭغا ئىككى سا (بىر سا 506 گىرامدىن بىر كىلو 70 گىرامغا قەدەر ئارىلىقتىكى ئېغىرلىق بىرلىكى بولۇپ ئەسلى مەنىسى چاڭگال، ئۇچۇم.) ئاشلىق بېرىشكە بۇيرىغان ۋە ئەبۇ تەيبەنىڭ خوجايىنىغا گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك (ۋەزىپە) پۇلىنى كېمەيتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى ۋە مۇنداق دېگەن: سىلەر داۋالىنغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل لۇڭقا[44] قويدۇرۇشتۇر. ياكى سىلەر داۋالانغان ئەڭ ئوبدان ئۇسۇللارنىڭ بىرى لۇڭقا قويدۇرۇشتۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن هەدىس

---

[44]. بۇ يەردە لۇڭقا قويدۇرۇپ داۋالىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە ئىسسىق ۋە مۆتىدىل بەلۋاغ ئىقلىمىغا تەۋە جايلاردا ياشايدىغانلار كۆزدە تۇتۇلىشى مۇمكىن. ۋەللاهۇ ئەئلەم.

264. عَنْ عَلِيٍّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ احْتَجَمَ وَأَمَرَنِي فَأَعْطَيْتُ الْحَجَّامَ أَجْرَهُ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (لۇخقا قويغۇزۇپ) قان ئالغۇزدى ۋە مېنى بۇيرىدى، مەن قان ئالغۇچىنىڭ ئىش ھەققىنى بەردىم.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

265. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: إِنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ احْتَجَمَ فِي الأَخْدَعَيْنِ، وَبَيْنَ الْكَتِفَيْنِ، وَأَعْطَى الْحَجَّامَ أَجْرَهُ، وَلَوْ كَانَ حَرَامًا لَمْ يُعْطِهِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوينىنىڭ ئىككى تەرىپىگە، ئىككى تاغاق ئارىسىغا لۇخقا قويغۇزغان ۋە لۇخقا قويغۇچىنىڭ ئىش ھەققىنى بەرگەن. (لۇخقا قويۇپ داۋالاش كەسپى) ھارام بولغان بولسا رەسۇلۇللاھ لۇخقا قويغۇچىغا ئىش ھەققىنى بەرمىگەن بولاتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

266. عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دَعَا حَجَّامًا فَحَجَمَهُ وَسَأَلَهُ: كَمْ خَرَاجُكَ؟ فَقَالَ: ثَلاثَةُ آصُعٍ، فَوَضَعَ عَنْهُ صَاعًا وَأَعْطَاهُ أَجْرَهُ.

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لۇخقا قويغۇچىنى ئەكەلدۈردى. ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە لۇخقا قويۇپ قويدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن: (خوجايىنىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك) چىقىمىڭ قانچىلىك ؟ دەپ سورىدى. ئۇ ئۈچ سا (ئاشلىق) دېگەن ئېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ سا ئاشلىقتىن بىر سا ئاشلىقنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ئۇنىڭ (لۇخقا قويۇپ قويغىنى ئۈچۈن) ئىش ھەققىنى بەردى.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى سەئد رىۋايەت قىلغان

267. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَحْتَجِمُ فِي الأَخْدَعَيْنِ وَالْكَاهِلِ، وَكَانَ يَحْتَجِمُ لِسَبْعَ عَشْرَةَ، وَتِسْعَ عَشْرَةَ، وَإِحْدَى وَعِشْرِينَ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوينىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ۋە تاغىقىغا لۇڭقا قويغۇزىدىغان ئىدى. ئاينىڭ ئون يەتتە، ئون توققۇز ۋە يىگىرمە بىرىنچى كۈنلىرى قان ئالدۇراتتى (لۇڭقا قويغۇزاتتى.)

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىملار رىۋايەت قىلغان

268. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ احْتَجَمَ وَهُوَ مُحْرِمٌ بِمَلَلٍ عَلَى ظَهْرِ الْقَدَمِ .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مەككە مەدىنە ئارلىقىدىكى) مەلەل دېگەن يەردە ئېھرام باغلىغان ھالەتتە تۇرۇپ، پۇتىنىڭ دۈمبىسىگە لۇڭقا قويغۇزغان ئىدى.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

## 48. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە

269. جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ أَبِيهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ لِي أَسْمَاءً أَنَا مُحَمَّدٌ، وَأَنَا أَحْمَدُ، وَأَنَا

الْمَاحِي الَّذِي يَمْحُو اللَّهُ بِيَ الْكُفْرَ، وَأَنَا الْحَاشِرُ الَّذِي يُحْشَرُ النَّاسُ عَلَى قَدَمِي، وَأَنَا الْعَاقِبُ. الْعَاقِبُ الَّذِي لَيْسَ بَعْدَهُ نَبِيٌّ.

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: دادىسى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن مېنىڭ بىر نەچچە ئىسمىم بار. مەن مۇھەممەد. مەن ئەھمەد. مەن ماھى (ئۆچۈرگۈچى) دۇرمەن. ئاللاھ مېنىڭ بىلەن كۇپرىنى ئۆچۈرىدۇ. مەن ھاشىر (يىغقۇچى توپلىغۇچى) دۇرمەن. ئاللاھ ئىنسانلارنى مېنىڭ ئارقامغا توپلايدۇ. مەن ئاقىب (ئارقىدا كەلگۈچى) دۇرمەن. ئاقىب دېگەن ئارقىسىدىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغان كىشىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

270. عَنْ حُذَيْفَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: لَقِيتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي بَعْضِ طُرُقِ الْمَدِينَةِ، فَقَالَ: أَنَا مُحَمَّدٌ، وَأَنَا أَحْمَدُ، وَأَنَا نَبِيُّ الرَّحْمَةِ، وَنَبِيُّ التَّوْبَةِ، وَأَنَا الْمُقَفَّى، وَأَنَا الْحَاشِرُ، وَنَبِيُّ الْمَلاحِمِ.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن مەدىنە يوللىرىنىڭ بىرىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

رەسۇلۇللاھ: مەن مۇھەممەد. [45] مەن ئەھمەدمەن. مەن رەھمەت پەيغەمبىرىمەن. تەۋبە پەيغەمبىرىدۇرمەن (ئىنسانلارنى تەۋبىگە چاقىرىمەن) مەن مۇقەففىيدۇرمەن (بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىپ كەلگۇچى) مەن ھاشىردۇرمەن (توپلىغۇچى) مەن جەڭ پەيغەمبىرىدۇرمەن دېدى.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە ئىبنى سەئد رىۋايەت قىلغان

## 49. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېشى ھەققىدە

271. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: مَكَثَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِمَكَّةَ ثَلاثَ عَشْرَةَ سَنَةً يُوحَى إِلَيْهِ، وَبِالْمَدِينَةِ عَشْرًا، وَتُوُفِّيَ وَهُوَ ابْنُ ثَلاثٍ وَسِتِّينَ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە ۋەھيي چۈشۈپ تۇرغان ھالەتتە ئون ئۈچ يىل، مەدىنىدە ئون يىل ياشىدى. ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ۋاپات بولدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

[45]. مۇھەممەد: ماختالغۇچى، ماختاشقا سازاۋەر بولغۇچى. ئەھمەد: ئاللاھقا بەك ھەمدە ئېيتقۇچى، بەك ھەمدە ئېيتىدىغان ئادەم . ماھى: ئۆچۈرگۈچى، ئازغۇنلۇق، زالالەت، كۇپرىنى ئۆچۈرۈپ يوق قىلغۇچى. ھاشىر: توپلىغۇچى، ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن تىرىلىدىغان كىشى. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا، بىرىنچى بولۇپ تىرىلدۇرۇلىدىغان ئادەم.

272. عَنْ جَرِيرٍ عَنْ مُعَاوِيَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ سَمِعَهُ يَخْطُبُ قَالَ: مَاتَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ ابْنُ ثَلاثٍ وَسِتِّينَ وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ، وَأَنَا ابْنُ ثَلاثٍ وَسِتِّينَ سنة.

جەرىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇئاۋىيەدىن ئاڭلىغان مۇئاۋىيە سۆزلەپ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ۋاپات بولدى. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇما ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ۋاپات بولدى. مانا مەن ئاتمىش ئۈچ ياش (قا كىرىپتىمەن) دېگەن ئىدى.

ئىمام مۇسلىم ۋە مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى»دە رىۋايەت قىلغان

273. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَاتَ وَهُوَ ابْنُ ثَلاثٍ وَسِتِّينَ سَنَةً.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ۋاپات بولدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

## 50. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە

274. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: آخِرُ نَظْرَةٍ نَظَرْتُهَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَشْفُ السِّتَارَةِ يَوْمَ الاثْنَيْنِ، فَنَظَرْتُ إِلَى وَجْهِهِ كَأَنَّهُ وَرَقَةُ مُصْحَفٍ، وَالنَّاسُ خَلْفَ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، فَكَادَ النَّاسُ أَنْ يَضْطَرِبُوا، فَأَشَارَ إِلَى النَّاسِ أَنِ اثْبُتُوا، وَأَبُو بَكْرٍ يَؤُمُّهُمْ وَأَلْقَى السِّجْفَ، وَتُوُفِّيَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ آخِرِ ذَلِكَ الْيَوْمِ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارىغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىم (ئۆيگە تارتىلغان) پەردىنى قايرىغان دۈشەنبە كۈنى ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىرايىغا قارىغىنىمدا چىرايى بەئەينى قۇرئاننىڭ ۋارىقىدەك ئىدى. كۆپچىلىك ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدا (نامازغا) تۇرۇشقان بولۇپ، ئۇلار (پەردىنىڭ قايرىلىشى بىلەن) پاتپاراق بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا "جىم تۇرۇڭلار" دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. ئەبۇ بەكرى ئۇلارغا ئىمام بولىۋاتقان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەردىنى چۈشۈرىۋەتتى ۋە شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ۋاپات بولدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

275. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: كُنْتُ مُسْنِدَةً النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَى صَدْرِي أَوْ قَالَتْ: إِلَى حِجْرِي فَدَعَا بِطَسْتٍ لِيَبُولَ فِيهِ، ثُمَّ بَالَ، فَمَاتَ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەيدەمگە يۆلىۋالغان ئىدىم. ياكى قۇچىقىمغا يۆلىۋالغان ئىدىم. كىچىك تەرەت قىلىش ئۈچۈن قاچا ئەكەلدۇرۇپ، كىچىك تەرەت قىلدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن ۋاپات بولدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

276. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: لَا أَغْبِطُ أَحَدًا بِهَوْنِ مَوْتٍ، بَعْدَ الَّذِي رَأَيْتُ مِنْ شِدَّةِ مَوْتِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (دەك مۇبارەك، ئۇلۇغ زات) نىڭ ئۆلۈمىنىڭ شىددەتلىك بولغىنىنى كۆرگىنىمدىن كېيىن، مەن بىر كىمنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئاسان بولغانلىقى بىلەن (ئۆلۈمى ئەجەپ ئاسان بولۇپتۇ، ئەجەپ ياخشى دەپ) ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلمايمەن.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

277. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْها قَالَتْ: لَمَّا قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اخْتَلَفُوا فِي دَفْنِهِ، فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شَيْئًا مَا نَسِيتُهُ قَالَ: مَا قَبَضَ اللّهُ نَبِيًّا إِلَّا فِي الْمَوْضِعِ الَّذِي يُحِبُّ أَنْ يُدْفَنَ فِيهِ، ادْفِنُوهُ فِي مَوْضِعِ فِرَاشِهِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دەپنە قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر گەپ ئاڭلىغان، ئۇنتۇپ قالمىدىم. رەسۇلۇللاھ: ئاللاھ قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ جېنىنى ئالسا، چوقۇم ئۇ دەپنە قىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان يەردىلا ئالىدۇ - دېگەن. سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرپىسى بار ئورۇنغا دەپنە قىلىڭلار دېدى.

مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

278. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ وَعَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا: أَنَّ أَبَا بَكْرٍ قَبَّلَ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَعْدَ مَا مَاتَ.

ئىبنى ئابباس ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى جان تەسلىم قىلغىنىدىن كېيىن سۆيگەن ئىدى.

بۇخارى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

279. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنَّ أَبَا بَكْرٍ دَخَلَ عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَعْدَ وَفَاتِهِ فَوَضَعَ فَمَهُ بَيْنَ عَيْنَيْهِ، وَوَضَعَ يَدَيْهِ عَلَى سَاعِدَيْهِ، وَقَالَ: وَا نَبِيَّاهُ! وَاصَفِيَّاهُ! وَاخَلِيلَاهُ!.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا ئېغىزىنى تەككۈزۈپ، ئىككى قولىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى بىلىكى ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ: ئاھ پەيغەمبىرىم! ئاھ سەرخىلىم!، ئاھ دوستۇم! دېدى.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى سەئد رىۋايەت قىلغان

280. عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: لَمَّا كَانَ الْيَوْمُ الَّذِي دَخَلَ فِيهِ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْمَدِينَةَ أَضَاءَ مِنْهَا كُلُّ شَيْءٍ، فَلَمَّا كَانَ الْيَوْمُ

الَّذِي مَاتَ فِيهِ أَظْلَمَ مِنْهَا كُلُّ شَيْءٍ ، وَمَا نَفَضْنَا أَيْدِيَنَا مِنَ التُّرَابِ، وَإِنَّا لَفِي دَفْنِهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ، حَتَّى أَنْكَرْنَا قُلُوبَنَا .

ئەنەس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كىرىپ كەلگەن كۈنى مەدىنىنىڭ ھەممە نەرسىسى يورۇپ كەتكەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغان كۈنى بولسا، مەدىنىنىڭ ھەممە نەرسىسى زۇلمەتتە قالدى. بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دەپنە قىلىۋېتىپ، تېخى قولىمىزدىكى توپىنى سۈرتمەي تۇرۇپ ئۆزىمىزنى (رەسۇلۇللاھنىڭ پىراقىغا چىدىماي) باشقىچە بىر خىل ھېس قىلىپ قالدۇق.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە مۇئەللىپ «سۇنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

281. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: تُوُفِّيَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمَ الاثْنَيْنِ .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

282. عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمَّدٍ عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمَ الاثْنَيْنِ فَمَكَثَ ذَلِكَ الْيَوْمَ وَلَيْلَةَ الثُّلاثَاءِ، وَدُفِنَ مِنَ اللَّيْلِ، وَقَالَ سُفْيَانُ: وَقَالَ غَيْرُهُ: يُسْمَعُ صَوْتُ الْمَسَاحِي مِنْ آخِرِ اللَّيْلِ.

جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدتىن ئۇ ئۆزىنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولغان. ئۇ كۈنى، سەيشەنبە كۈنى كېچىسى تۇرغان، (چارشەنبە) كۈنى كەچتە دەپنە قىلىنغان. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد باقىردىن باشقا بىر كىشى: كېچە قوينىدا (قەبرە قازغان) گۈرجەكنىڭ ئاۋازا ئاڭلىنىپ تۇراتتى دېگەن.

ئىبنى سەئد رىۋايەت قىلغان

283. عَنْ سَالِمِ بْنِ عُبَيْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَكَانَتْ لَهُ صُحْبَةٌ قَالَ: أُغْمِيَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي مَرَضِهِ فَأَفَاقَ، فَقَالَ: حَضَرَتِ الصَّلاةُ؟ فَقَالُوا: نَعَمْ فَقَالَ: مُرُوا بِلالا فَلْيُؤَذِّنْ، وَمُرُوا أَبَا بَكْرٍ أَنْ يُصَلِّيَ لِلنَّاسِ أَوْ قَالَ: بِالنَّاسِ، قَالَ: ثُمَّ أُغْمِيَ عَلَيْهِ فَأَفَاقَ، فَقَالَ: حَضَرَتِ الصَّلاةُ؟ فَقَالُوا: نَعَمْ فَقَالَ: مُرُوا بِلالا فَلْيُؤَذِّنْ، وَمُرُوا أَبَا بَكْرٍ فَلْيُصَلِّ بِالنَّاسِ، فَقَالَتْ عَائِشَةُ: إِنَّ أَبِي رَجُلٌ أَسِيفٌ، إِذَا قَامَ ذَلِكَ الْمَقَامَ بَكَى فَلا

يَسْتَطِيعُ، فَلَوْ أَمَرْتَ غَيْرَهُ، قَالَ: ثُمَّ أُغْمِيَ عَلَيْهِ فَأَفَاقَ فَقَالَ: مُرُوا بِلالا فَلْيُؤَذِّنْ، وَمُرُوا أَبَا بَكْرٍ فَلْيُصَلِّ بِالنَّاسِ، فَإِنَّكُنَّ صَوَاحِبُ أَوْ صَوَاحِبَاتُ يُوسُفَ، قَالَ: فَأُمِرَ بِلالٌ فَأَذَّنَ، وَأُمِرَ أَبُو بَكْرٍ فَصَلَّى بِالنَّاسِ، ثُمَّ إِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَجَدَ خِفَّةً، فَقَالَ: انْظُرُوا لِي مَنْ أَتَّكِئُ عَلَيْهِ، فَجَاءَتْ بَرِيرَةُ، وَرَجُلٌ آخَرُ، فَاتَّكَأَ عَلَيْهِمَا فَلَمَّا رَآهُ أَبُو بَكْرٍ ذَهَبَ لِيَنْكُصَ فَأَوْمَأَ إِلَيْهِ أَنْ يَثْبُتَ مَكَانَهُ، حَتَّى قَضَى أَبُو بَكْرٍ صَلاتَهُ. ثُمَّ إِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قُبِضَ، فَقَالَ عُمَرُ: وَاللَّهِ لَا أَسْمَعُ أَحَدًا يَذْكُرُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قُبِضَ إِلَّا ضَرَبْتُهُ بِسَيْفِي هَذَا، قَالَ: وَكَانَ النَّاسُ أُمِّيِّينَ لَمْ يَكُنْ فِيهِمْ نَبِيٌّ قَبْلَهُ، فَأَمْسَكَ النَّاسُ، فَقَالُوا: يَا سَالِمُ، انْطَلِقْ إِلَى صَاحِبِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَادْعُهُ، فَأَتَيْتُ أَبَا بَكْرٍ وَهُوَ فِي الْمَسْجِدِ فَأَتَيْتُهُ أَبْكِي دَهِشًا، فَلَمَّا رَآنِي، قَالَ: أَقُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ؟ قُلْتُ: إِنَّ عُمَرَ، يَقُولُ: لَا أَسْمَعُ أَحَدًا يَذْكُرُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قُبِضَ إِلَّا ضَرَبْتُهُ بِسَيْفِي هَذَا، فَقَالَ لِي: انْطَلِقْ، فَانْطَلَقْتُ مَعَهُ، فَجَاءَ هُوَ وَالنَّاسُ قَدْ دَخَلُوا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: يَا أَيُّهَا النَّاسُ، أَفْرِجُوا لِي، فَأَفْرَجُوا لَهُ فَجَاءَ حَتَّى أَكَبَّ عَلَيْهِ وَمَسَّهُ، فَقَالَ: إِنَّكَ مَيِّتٌ وَإِنَّهُمْ مَيِّتُونَ، ثُمَّ قَالُوا: يَا صَاحِبَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، أَقُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ؟ قَالَ: نَعَمْ، فَعَلِمُوا أَنْ قَدْ صَدَقَ، قَالُوا:

يَا صَاحِبَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، أَيُصَلَّى عَلَى رَسُولِ اللهِ؟ قَالَ: نَعَمْ، قالوا: وَكَيْفَ؟ قَالَ: يَدْخُلُ قَوْمٌ فَيُكَبِّرُونَ وَيُصَلُّونَ، وَيَدْعُونَ، ثُمَّ يَخْرُجُونَ، ثُمَّ يَدْخُلُ قَوْمٌ فَيُكَبِّرُونَ وَيُصَلُّونَ وَيَدْعُونَ، ثُمَّ يَخْرُجُونَ، حَتَّى يَدْخُلَ النَّاسُ، قالوا: يَا صَاحِبَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، أَيُدْفَنُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ؟ قَالَ: نَعَمْ، قالوا: أَيْنَ؟ قَالَ: فِي الْمَكَانِ الَّذِي قَبَضَ اللهُ فِيهِ رُوحَهُ، فَإِنَّ اللهَ لَمْ يَقْبِضْ رُوحَهُ إِلَّا فِي مَكَانٍ طَيِّبٍ فَعَلِمُوا أَنْ قَدْ صَدَقَ، ثُمَّ أَمَرَهُمْ أَنْ يَغْسِلَهُ بَنُو أَبِيهِ، وَاجْتَمَعَ الْمُهَاجِرُونَ يَتَشَاوَرُونَ فَقَالُوا: انْطَلِقْ بِنَا إِلَى إِخْوَانِنَا مِنَ الأَنْصَارِ نُدْخِلُهُمْ مَعَنَا فِي هَذَا الأَمْرِ، فَقَالَتِ الأَنْصَارُ: مِنَّا أَمِيرٌ وَمِنْكُمْ أَمِيرٌ، فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ: مَنْ لَهُ مِثْلُ هَذِهِ الثَّلَاثِ، ثَانِيَ اثْنَيْنِ إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللهَ مَعَنَا مَنْ هُمَا؟ قَالَ: ثُمَّ بَسَطَ يَدَهُ فَبَايَعَهُ وَبَايَعَهُ النَّاسُ بَيْعَةً حَسَنَةً جَمِيلَةً.

سالىم ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ـ ئۇ كىشى ساھابە ئىدى ـ ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولغىنىدا ھوشىدىن كېتىپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى ۋە: ناماز ۋاقتى بولدى؟ دېدى. ساھابىلار شۇنداق، (ناماز ۋاقتى بولدى) دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: بىلالنى بۇيرۇڭلار ئەزان ئېيتسۇن، ئەبۇبەكرنى بۇيرۇڭلار كۆپچىلىككە ناماز ئوقۇپ

بەرسۇن (ياكى كۆپچىلىك بىلەن ناماز ئوقۇسۇن) دېدى. رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ شۇنداق دەپلا ھوشىدىن كەتتى. كېيىن ھوشىغا كېلىپ ناماز ۋاقتى بولدى؟ دېدى. كىشىلەر: شۇنداق، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: بىلالنى بۇيرۇڭلار ئەزان ئېيتسۇن، ئەبۇبەكرىنى بۇيرۇڭلار كۆپچىلىك بىلەن (ئىمام بولۇپ) ناماز ئوقۇسۇن دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە: مېنىڭ ئاتام باغرى يۇمشاق ئادەم، ئاتام (سىلىنىڭ) ئۇ ئورۇندا تۇرسا يىغلاپ (ناماز ئوقۇشقا) قادىر بولالمايدۇ. شۇڭا باشقا بىرىنى بۇيرىغان بولسىلا دېدى. رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ئارقىدىنلا رەسۇلۇللاھ ھوشىدىن كەتتى ۋە ھوشىغا كېلىپ: بىلالنى بۇيرۇڭلار ئەزان ئېيتسۇن، ئەبۇبەكرىنى بۇيرۇڭلار كۆپچىلىك بىلەن ناماز ئوقۇسۇن. ھەقىقەتەنمۇ سىلەر ئاياللار (ئىچىدىكىنى يوشۇرۇپ باشقىچە كۆرۈنۈشتە) يۇسۇپ (ئەلەيھىسسالام) نىڭ يېنىدىكى ئايالالار سىلەر! دېدى. رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: بىلال بۇيرۇق بويىچە ئەزان ئېيتتى، ئەبۇ بەكرى بۇيرۇق بويىچە (جامائەتكە ئىمام بولۇپ) ناماز ئوقۇدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاز ياخشىلىنىش ھېس قىلىپ: قاراپ بېقىڭلار، مەن يۆلەنگۈدەك بىر كىم بارمۇ؟ دېدى. شۇ ئارىدا بەرىرە بىلەن يەنە بىر ئادەم يېتىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئىككىسگە يۆلەندى. (ئىككىيلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىككى تەرەپتىن يۆلەپ مېڭىشقان ئېدى.)

رەسۇلۇللاھ (نىڭ كەلگىنى) نى كۆرگەن ئەبۇ بەكرى ئارقىغا يانماقچى بولىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئورنىدا تۇرىۋېرىشىنى ئىشارەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئەبۇ بەكرى نامازنى تاماملىدى. ئۇنىڭدىن مەلۇم ۋاقىت كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ: "قانداق بىر كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋاپات بولدى دېگەن كەلىمىنى ئىشلىتىپ تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىسام، موشۇ قىلىچ بىلەن چاپماي قويمايمەن" دېدى. رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: كۆپچىلىك ساۋاتسىز، بۇرۇن ئارىسىدا پەيغەمبەر چىقىپ باقمىغان بولغاچقا (يەنى پەيغەمبىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك بۇنداق ئىش بېشىدىن ئۆتمىگەن بولغاچقا) سۈكۈت قىلىشتى. ئۇلار: سالىم! سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دوستى(ئەبۇ بەكرى)نىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى چاقىرىپ كەلگىن-دېيىشتى. مەن ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇ مەسجىدتە ئېدى. مەن نىمە قىلىشىمنى بىلمىگەن هالدا يىغلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولدىمۇ؟ دېدى. مەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇنىڭ "رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولدى" دەپ تىلغا ئالغان ئادەمنى موشۇ قىلىچىم بىلەن چاپماي قويمايمەن - دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم. ئەبۇ بەكرى ماڭا:

يۈر ـ دېدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدىم. ئۇ يېتىپ كەلگىنىدە ئادەملەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ بولۇشقان ئىكەن. ئۇ: كۆپچىلىك، ماڭا يول بېرىڭلار ـ دېۋىدى، كىشىلەر يول بېرىشتى. ئەبۇ بەكرى كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشتى (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۆيدى) ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سىلاپ تۇرۇپ: «إِنَّكَ مَيِّتٌ وَإِنَّهُمْ مَيِّتُونَ» «ھەقىقەتەن سەن ئۆلىسەن، ئۇ (كاپىر) لارمۇ ئۆلىدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن كىشىلەر: ئى رەسۇلۇللاھنىڭ دوستى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولدىمۇ؟ دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى: شۇنداق، دېدى. ئۇلار ئەبۇ بەكرىنىڭ راست گەپ قىلغىنىنى بىلىشتى. ئۇلار: ئى رەسۇلۇللاھنىڭ دوستى، ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ نامىزى چۈشۈرىلەمدۇ؟ دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى شۇنداق، دېدى. ئۇلار: قانداق (چۈشۈرىلىدۇ)؟ دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى: بىر بۆلۈك ئادەم كىرىپ "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ناماز چۈشۈرۈپ دۇئا قىلىپ چىقىدۇ. ئارقىدىن يەنە بىر بۆلۈك ئادەم كىرىپ "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ناماز چۈشۈرۈپ دۇئا قىلىپ چىقىدۇ، باشقىلار كىرىدۇ ـ دېدى. ئۇلار: ئى رەسۇلۇللاھنىڭ دوستى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپنە قىلىنامدۇ؟ دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى شۇنداق، دېدى. ئۇلار: قەيەرگە (دەپنە قىلىنىدۇ؟) دېيىشتى. ئاللاھ قەبزى روھ قىلغان ئورۇنغا (دەپنە قىلىنىدۇ.)

ئاللاھ رەسۇلىنى پەقەت ئېسىل (پاكىز) جايدىلا قەبرى روھ قىلىدۇ- دېدى. ئۇلار ئەبۇ بەكرىنىڭ راست گەپ قىلغىنىنى بىلىشتى. ئارقىدىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇ زاتنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىرىنىڭ يۇيۇشىغا بۇيرىدى. مۇھاجىرلار (خەلىپىلىك مەسىلىسى ھەققىدە) كېڭىشىش ئۇچۇن توپلاندى. ئۇلار: يۈر، بىز بىرلىكتە ئەنسارى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇ مەسىلىگە ئۇلارنىمۇ داخىل قىلايلى (كىمنىڭ خەلىپە بولۇشى ھەققىدە بىرلىكتە قارار چىقىرايلى)- دېيىشتى. شۇ ئارىدا ئەنسارىلار "بىزدىن بىر ئادەم، سىلەردىن بىر ئادەم ئەمىر (بولسۇن)" دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ: كىمنىڭ بۇ ئۈچ خىل پەزىلىتى بار؟ «إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا» «ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھەمراھىغا غەم قىلمىغىن ھەقىقەتەن ئاللاھ بىز بىلەن بىللە دەيتتى.» ئۇ ئىككىسى دېگەندە يەنە بىر كىشى كىم؟ (ھەمراھىغا دەيدۇ دېگەن ھەمراھى كىم؟ بىز بىلەن بىللە دېگەندىكى بىللە دېيىلگىنى كىم؟! بۇ ئۈچ پەزىلەت كىمدە بار؟!) دېدى. سالىم مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىنى ئۇزۇتۇپ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلدى. كۆپچىلىكمۇ ئەبۇ بەكرىگە چىرايلىق، گۈزەل شەكىلدە بەيئەت قىلىشتى.

بۇخارى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

284. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: لَمَّا وَجَدَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ كُرَبِ الْمَوْتِ مَا وَجَدَ، قَالَتْ فَاطِمَةُ: وَا كَرْبَاهُ، فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَا كَرْبَ عَلَى أَبِيكِ بَعْدَ الْيَوْمِ، إِنَّهُ قَدْ حَضَرَ مِنْ أَبِيكِ مَا لَيْسَ بِتَارِكٍ مِنْهُ أَحَدًا الْمُوَافَاةُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەكراتتا قىينىلىۋاتقاندا، فاتىمە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھا: ۋاي جاپاكەش (دادام) دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۈگۈندىن باشلاپ دادىڭىزغا جاپا يوق. دادىڭىزغا ھېچكىمنى قالدۇرۇپ قويمايدىغان نەرسە (ئۆلۈم) كەلدى. قىيامەت كۈنىدە كۆرىشىمىز دېدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

## 51. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىراسى ھەققىدە

285. عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَخِي جُوَيْرِيَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا لَهُ صُحْبَةٌ قَالَ: مَا تَرَكَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَّا سِلَاحَهُ، وَبَغْلَتَهُ، وَأَرْضًا جَعَلَهَا صَدَقَةً.

جۇۋەيرىيەنىڭ قېرىندىشى بولغان ئەمر ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ـ ئۇ كىشى

ساھابە ئىدى ـ ئەمر مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ۋاپات بولغاندا) قالغىنى پەقەتلا ئۇ زاتنىڭ قۇرال جابدۇقلىرى، خېچىرى ۋە سەدىقە قىلغان زىمىن ئىدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

286. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: جَاءَتْ فَاطِمَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْها إِلَى أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، فَقَالَتْ: مَنْ يَرِثُكَ؟ فَقَالَ: أَهْلِي وَوَلَدِي، فَقَالَتْ: مَا لِي لَا أَرِثُ أَبِي؟ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «لا نُورَثُ» وَلَكِنِّي أَعُولُ مَنْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَعُولُهُ، وَأُنْفِقُ عَلَى مَنْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُنْفِقُ عَلَيْهِ.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: فاتىمە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ: سىزنىڭ مىراسخورىڭىز كىم بولىدۇ؟ دېگەن ئىدى ئەبۇ بەكرى: ئائىلەم، بالىلىرىم دېدى. فاتىمە: ئەمىسە مەن نىمە ئۈچۈن دادامنىڭ مىراسخورى بولمايمەن؟ دېۋىدى ئەبۇ بەكرى: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ "بىز (پەيغەمبەرلەر) نىڭ مىراسخورىمىز بولمايدۇ" دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باققان كىشىلەرنى باقىمەن. رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپىقە بەرگەن كىشىلەرنىڭ نەپىقىسىنى بېرىمەن دېدى.

ئىمام ئەھمەد، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە رىۋايەت قىلغان

287. عَنْ أَبِي الْبَخْتَرِيّ أَنَّ الْعَبَّاسَ وَعَلِيًّا رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا جَاءَا إِلَى عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَخْتَصِمَانِ، يَقُولُ كُلُّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا لِصَاحِبِهِ: أَنْتَ كَذَا، أَنْتَ كَذَا، فَقَالَ عُمَرُ لِطَلْحَةَ، وَالزُّبَيْرِ، وَعَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ، وَسَعْدٍ: أَنْشُدُكُمْ بِاللَّهِ أَسَمِعْتُمْ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: "كُلُّ مَالِ نَبِيٍّ صَدَقَةٌ، إِلَّا مَا أَطْعَمَهُ، إِنَّا لَا نُورَثُ؟" وَفِي الْحَدِيثِ قِصَّةٌ.

ئەبۇلبەختەرىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابباس ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇما ئىككىيلەن تالاش تارتىش بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىغا كېلىشتى. ھەر ئىككىلىسى بىر بىرىنى سەن ئۇنداق، سەن بۇنداق دەيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ تەلھە، زۇبەير، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف ۋە سەئد رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇملارغا: مەن سىلەردىن ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ سوراپ باقاي، سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «پەيغەمبەرنىڭ يېيىشكە بەرگەندىن باشقا پۈتكۈل مال- مۈلكى سەدىقىدۇر (سەدىقە قىلىنىدۇ) بىزنىڭ مىراسخورىمىز بولمايدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانمىدىڭلار؟ دېدى. بۇ ھەقتە بىر ۋەقەلىك بار.

ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان

288. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لَا نُورَثُ مَا تَرَكْنَا فَهُوَ صَدَقَةٌ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزنىڭ مىراسخورىمىز بولمايدۇ. بىزدىن قالغان ھەر قانداق نەرسە سەدىقىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

289. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لَا يَقْسِمُ وَرَثَتِي دِينَارًا وَلا دِرْهَمًا، مَا تَرَكْتُ بَعْدَ نَفَقَةِ نِسَائِي وَمُؤْنَةِ عَامِلِي فَهُوَ صَدَقَةٌ.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىدۇ رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مېنىڭ مىراسخورلىرىم پۇل- پۇچەك بۆلۈشەلمەيدۇ. ئاياللىرىمنىڭ چىقىمى بىلەن (مەن ئىشقا قويغان) خىزمەتچىمنىڭ ئىش ھەققى (بېرىلگەن) دىن كېيىن، مەندىن قالغان تەئەللۇقات سەدىقە قىلىنىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

290. عَنْ مَالِكِ بْنِ أَوْسِ بْنِ الْحَدَثَانِ قَالَ: دَخَلْتُ عَلَى عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَدَخَلَ عَلَيْهِ عَبْدُ الرَّحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ، وَطَلْحَةُ، وَسَعْدٌ

رَضِيَ اللهُ عَنْهُم وَجَاءَ عَلِيٌّ، وَالْعَبَّاسُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُما يَخْتَصِمَانِ، فَقَالَ لَهُمْ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنْشُدُكُمْ بِالَّذِي بِإِذْنِهِ تَقُومُ السَّمَاءُ وَالأَرْضُ، أَتَعْلَمُونَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لَا نُورَثُ، مَا تَرَكْنَاهُ صَدَقَةٌ. فَقَالُوا: اللَّهُمَّ نَعَمْ.

مالىك ئىبنى ئەۋس ئىبنى ھەدساندىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىغا كىردىم. ئارقامدىن ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف، تەلھە ۋە سەئدلەر كىرىشتى. ئەلى بىلەن ئابباس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇما ئىككىيلەن تالاش ـ تارتىش بىلەن كىرىپ كېلىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: مەن سىلەردىن ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئاسمان - زېمىننى بەرپا قىلغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەن. سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «بىز (پەيغەمبەر) لەرنىڭ ۋارىسىمىز بولمايدۇ. بىزدىن قالغان تەئەللۇقات سەدىقە قىلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: ئەزبىرايى خۇدا، شۇنداق (ئاڭلىغان) دېيىشتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

291. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: مَا تَرَكَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دِينَارًا وَلا دِرْهَمًا وَلا شَاةً وَلا بَعِيرًا، قَالَ: وَأَشُكُّ فِي الْعَبْدِ وَالأَمَةِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن

پۇل - پۇچەك ۋە ياكى قوي - تۆگە مىراس قالمىدى. رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە قول- دېدەك دېدىمۇ- دېمىدىمۇ بىلەلمىدىم.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

## 52. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈش ھەققىدە

292. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مَنْ رَآنِي فِي الْمَنَامِ فَقَدْ رَآنِي فَإِنَّ الشَّيْطَانَ لَا يَتَمَثَّلُ بِي .

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مېنى چۈشىدە كۆرگەن ئادەم راست مېنى كۆرگەندۇر. شەيتان مېنىڭ شەكلىمگە كىرىۋالالمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد، مۇئەللىپ «سۈنەنۇتتىرمىزى» دە ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

293. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ رَآنِي فِي الْمَنَامِ فَقَدْ رَآنِي ، فَإِنَّ الشَّيْطَانَ لَا يَتَصَوَّرُ أَوْ قَالَ: لَا يَتَشَبَّهُ بِي.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: مېنى چۈشىدە كۆرگەن ئادەم راست مېنى كۆرگەندۇر. شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرەلمەيدۇ، ياكى ماڭا ئوخشىيالمايدۇ ـ دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

294. عَنْ أَبِي مَالِكٍ الأَشْجَعِيّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ أَبِيهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ رَآنِي فِي الْمَنَامِ فَقَدْ رَآنِي. قَالَ أَبُو عِيسَى: وَأَبُو مَالِكٍ هَذَا هُوَ: سَعْدُ بْنُ طَارِقِ بْنِ أَشْيَمَ، وَطَارِقُ بْنُ أَشْيَمَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ هُوَ مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَقَدْ رَوَى عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَحَادِيثَ.

ئەبى مالىك ئەشجەئى دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ دادىسى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: مېنى چۈشىدە كۆرگەن ئادەم راست مېنى كۆرگەندۇر.

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان

(مۇئەللىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەبى مالىك دېگەن بۇ كىشىنىڭ ئىسمى سەئد ئىبنى تارىق ئىبنى ئەشيەمدۇر. تارىق رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بولۇپ رەسۇلۇللاھتىن بىر تۈركۈم ھەدىس رىۋايەت قىلغان.)

295. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ رَآنِي فِي الْمَنَامِ فَقَدْ رَآنِي، فَإِنَّ الشَّيْطَانَ لَا يَتَمَثَّلُنِي. قَالَ أَبِي: فَحَدَّثْتُ بِهِ ابْنَ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَقُلْتُ: قَدْ رَأَيْتُهُ فَذَكَرْتُ الْحَسَنَ بْنَ عَلِيٍّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَقُلْتُ: شَبَّهْتُهُ بِهِ، فَقَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: إِنَّهُ كَانَ يَشْبَهُهُ.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۈشىدە مېنى كۆرگەن ئادەم راست مېنى كۆرگەن ئادەمدۇر. شەيتان مېنىڭ سىياقىمغا كىرىۋالالمايدۇ.

(رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان كۇلەيب) مۇنداق دېدى: مەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئاباساقا سۆزلەپ بېرىپ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چۈشۈمدە كۆردۈم دېدىم. شۇ ئارىدا ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشاتتىم دېسەم، ئىبنى ئاباس: ھەسەن ئىبنى ئەلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە راستىنلا ئوخشايدۇ ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان

296. عَـنْ يَزِيـدَ الْفَارِسِـيِّ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ وَكَانَ يَكْتُـبُ الْمَصَـاحِفَ قَـالَ: رَأَيْـتُ النَّـبِيَّ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ فِي الْمَنَـامِ زَمَـنَ ابْـنِ عَبَّـاسٍ رَضِـيَ اللهُ عَنْـهُ، قَـالَ: فَقُلْـتُ لِابْـنِ عَبَّـاسٍ: إِنِّي رَأَيْـتُ رَسُـولَ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ فِي النَّـوْمِ، فَقَـالَ ابْـنُ عَبَّـاسٍ: إِنَّ رَسُـولَ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ كَـانَ يَقُـولُ: "إِنَّ الشَّـيْطَانَ لَا يَسْـتَطِيعُ أَنْ يَتَشَـبَّهَ بِي، فَمَـنْ رَآنِي فِي النَّـوْمِ فَقَـدْ رَآنِي" هَـلْ تَسْـتَطِيعُ أَنْ تَنْعَـتَ هَـذَا الرَّجُلَ الَّـذِي رَأَيْتَـهُ فِي النَّـوْمِ؟ قَـالَ: نَعَـمْ، أَنْعَـتُ لَـكَ رَجُـلا بَـيْنَ الـرَّجُلَيْنِ، جِسْـمُهُ وَلَحْمُـهُ أَسْمَرُ إِلَى الْبَيَـاضِ، أَكْحَلُ الْعَيْنَـيْنِ، حَسَـنُ الضَّحِكِ، جَمِيلُ دَوَائِـرِ الْوَجْـهِ، مَلأَتْ لِحْيَتُـهُ مَا بَـيْنَ هَـذِهِ إِلَى هَـذِهِ، قَـدْ مَـلأَتْ نَحْـرَهُ قَـالَ عَـوْفٌ: وَلا أَدْرِي مَـا كَـانَ مَـعَ هَـذَا النَّعْـتِ فَقَـالَ ابْنُ عَبَّاسٍ: لَوْ رَأَيْتَهُ فِي الْيَقَظَةِ مَا اسْتَطَعْتَ أَنْ تَنْعَتَهُ فَوْقَ هَذَا.

يەزىد ئەلفارىسىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ قۇرئاننى يازىدىغان (ساۋاتلىق، خەتتات) كىشى ئىدى، ئۇ مۇنداق دىگەن: مەن ئىبنى ئابباس هايات ۋاقتىدا، چۈشۈمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردۈم. ئىبنى ئابباسقا: مەن چۈشۈمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردۈم دىدىم. ئىبنى ئابباس: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «شەيتان ماڭا ئوخشىۋالالمايدۇ. چۈشىدە مىنى كۆرگەن ئادەم مىنى

راستىنلا كۆرگەن بولىدۇ» دەيدىغان ئىدى. سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن بۇ ئادەمنى ماڭا تەسۋىرلەپ بېرەلەمسەن؟ دېدى. يەزىد ئەلفارىسي: ھەئە، مەن ساڭا تەسۋىرلەپ بەرسەم، (ئۇ) ئوتتۇرا بوي ئادەم، تېنى ۋە گۆشى ئاققا مايىل بۇغداي ئۆڭ، كۆزلىرى سۈرمىلىك، كۈلۈشى چىرايلىق، يۈز دائىرىسى گۈزەل، ساقىلى بۇ (قۇلاقتىن ئۇ قۇلاققىچە) ئىككى ئارىغا لىق كەلگەن. ساقال مەيدىسىنى لىق قاپلىغان دېدى.

يەزىد ئەلفارىسىيدىن رىۋايەت قىلغان ئەۋف: بۇ تەسۋىر بۇرۇنقى مەن (ئاڭلىغان) تەسۋىر بىلەن نىمە بولۇپ كەتتى؟ بىلەلمىدىم، دېگەن ئىدى، ئىبنى ئاببىاس: ئەگەر سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئويغۇقىدا كۆرسەڭمۇ، بۇ تەسۋىردىن ياخشى تەسۋىرلەپ بېرەلمىگەن بولاتتىڭ ـ دېدى.

ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

297. عَنْ أَبِي قَتَادَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ رَآنِي يَعْنِي فِي النَّوْمِ فَقَدْ رَأَى الْحَقَّ.

ئەبۇ قەتادەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: مېنى كۆرگەن ئادەم ـ يەنى چۈشىدە ـ ھەقىيقى مېنى كۆرگەن بولىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

298. عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مَنْ رَآنِي فِي الْمَنَامِ فَقَدْ رَآنِي ، فَإِنَّ الشَّيْطَانَ لَا يَتَخَيَّلُ بِي .

ئەنەس رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۈشىدە مېنى كۆرگەن ئادەم راست مېنى كۆرگەن ئادەمدۇر. شەيتان ماڭا ئوخشىۋالالمايدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

299. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، وَأَبِي سَعِيدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَا: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: وَرُؤْيَا الْمُؤْمِنِ جُزْءٌ مِنْ سِتَّةٍ وَأَرْبَعِينَ جُزْءًا مِنَ النُّبُوَّةِ .

ئەبى سەئىد ۋە ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنىنىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتە بۆلىكىنىڭ بىر بۆلىكىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

300. حَدَّثَنَا مَحَمَّدُ بْنُ عَلِيٍّ قَالَ سَمِعْتُ أَبِي يَقُولُ: قَالَ عَبْدُ اللهِ ابْنُ الْمُبَارَكِ: إِذَا ابْتُلِيتَ بِالْقَضَاءِ فَعَلَيْكَ بِالْأَثَرِ.

مۇھەممەد ئىبنى ئەلى بىزگە سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: مەن دادامدىن مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان:

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن ئىكەن: قازىي بولۇپ قالساڭ ئەسەرگە[46] (رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلارنىڭ دېگەن ۋە قىلغان ئەتكەنلىرىگە) چىڭ ئېسىل.

301. حَدَّثَنَا مُحَمَّدُ بْنُ عَلِيٍّ ، حَدَّثَنَا النَّضْرُ بْنُ عَوْنٍ ، عَنِ ابْنِ سِيْرِيْنَ قَالَ: هَذَا الْحَدِيْثُ دِيْنٌ، فَانْظُرُوا عَمَّنْ تَأْخُذُونَ دِيْنَكُمْ .

مۇھەممەد ئىبنى ئەلى بىزگە نەزىر ئىبنى ئەۋنىنىڭ ئىبنى سىيرىيندىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى: «بۇ ھەدىس دېمەك دىن دېمەكتۇر. شۇڭا، سىلەر دىنىڭلارنى كىمدىن ئۇگىنىۋاتقىنىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار.»

يەنى ئىمام تىرمىزى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى كىتابىنىڭ ئاخىرىغا كەلتۈرگەن بۇ سەلەپلەرنىڭ مۇبارەك سۆزىنىڭ مەنىسى «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قىلىڭلار دېدى... ئۆزى قىلدى... ھوزۇرىدا باشقىلار قىلسا ئېتىراز بىلدۈرمەستىن سۈكۈت قىلدى» دېيىلگەن كاتىگورىيەگە كىرىدىغان بۇ ھەدىس دىن دېمەكتۇر. ئۇنى تۇيتىن ئىنكار قىلغانلار دىننى ئىنكار قىلغانلاردۇر. بۇرمىلىغانلار دىننى بۇرمىلىغان، كۆزگە ئىلمىغانلار دىننى كۆزگە ئىلمىغانلار، ھەر خىل ئىسىملار

---

[46]. دىنى ساق، ئەقىدىسى، ئىبادىتى، ئاللاھنى زىكىر قىلىشى ساغلام توغرا بولسۇن دېگەن ئادەم رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلارنىڭ دېگەن ۋە قىلغان ئەتكەنلىرىگە چىڭ ئېسىلىشى، بىدئەتتىن ساقلىنىشقا ھەر دائىم ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئاستىدا سېتىپ خەجلىگەنلەر ھەم تارىختا دىننى سېتىپ خەجلىگەن يەھۇدىيلار قاتارىدا بولىدۇ. شۇڭا بۇ دىننى سەھىھ مەنبەسىدىن ئۆگەندىڭلارمۇ، ياكى سىياسەتۋاز ئوردا موللىسى، بىدئەتخور مۇتەئەسسىپ مەزھەپچى، ياكى دىننى دۇنيالىق ئۈچۈن سۈيئىستىمال قىلىۋاتقان، پۇرسەتپەرەس دىن ساتار سودىگەردىن ئۆگەندىڭلارمۇ؟ قاراڭلار!. دىققەت قىلىڭلار، باشقىلارنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسى ۋە دۇنياسى ئۈچۈن ئاخىرىتىڭلارنى قۇربان قىلماڭلار. چۈنكى كىم بولۇشىدىن، قانداق شارائىتتا، قانداق دەۋىردە ياشاپ قالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دۇنيادا قانچىلىك ئۇلۇغۋار دەۋا ئۈچۈن بولغان بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئاخىرىتىنى زىيان تارتقان ئادەم ئەڭ چوڭ زىيانكار ئادەم بولغان بولىدۇ. بىر كىملەر ئۈچۈن ھەر نىمە بېرىلىشى، ھەر خىل بەدەللەرنى تۆلىنىشى مۇمكىن. ئەمما ھەر قانداق شەخس، ياكى كوللىكتىپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باشقىلار ئۈچۈن دوزاخقا كىرىشكە تەۋەككۇل قىلىشقا، باشقا بىرسىنىڭ سەپسەتىسىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئەھلى دوزىخى بولۇپ كېتىش خەتىرىگە تەۋەككۇل قىلىشقا ئەسلا بولمايدۇ- دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ بۇگۈنكى بۇ پىتنە- پاسات ۋە بىدئەت دەۋرىدە قۇرئان ۋە ھەدىسكە مەھكەم ئېسىلغان ۋە سەممى شەكىلدە سۆيۈپ ئەمەل قىلغانلار قاتارىدىن قىلسۇن.

ئاللاھتىن سۆز ۋە ئەمەل پىتنىسىدىن، مۇتەئەسسىپلىك ۋە ھاۋايى-ھەۋەس شەھۋىتىدىن ساقلىشىنى، بىزنى دائىما ھەق بىلەن بىللە قىلىشىنى، بۇ ئەمىلىمىزنى ئۆزىنىڭ بۈيۈك رىزالىقى ئۈچۈن خالىس قىلىشىنى، ئەمگىكىمىزنى ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك ۋە ئۆز دەرگاھىدا مەقبۇل قىلغان بولۇشىنى تىلەيمىز.

ئاللاھنىڭ رەھمىتى خوجىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىللىرىغا ۋە ئۇ زاتنىڭ يولىغا ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئەگەشكەنلەرگە ھەممىسىگە بولسۇن.

1439. يىل شەئبان ئېيىنىڭ 5. كۈنى شەنبە.

2018. يىل 21. ئاپرىل

بۇ كىتاپ ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ناسىرۇددىن ئەلباني تەھقىقلىگەن، دوكتۇر ئەنەس ئىبنى تاھىر زەئىپ ھەدىسلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ قايتا ئىشلىگەن نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە داۋامىدا ئابدۇررەززاق ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن ئەلبەدرىنىڭ مەزكۇر كىتابنىڭ ئەسلىگە يازغان شەرھىسىدىن مۇپەسسەل پايدىلىنىلدى.

قەدىرلىك قېرىندىشىم:

بۇ ھاياتتا ھەربىر ئىنساننىڭ مەيلى ياخشى، مەيلى يامان بولسۇن ئۆزىگە بىر ياكى بىر نەچچە كىشىنى ئۈلگە قىلماي ياشىشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمۇ سىز؟

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ « سىلەرگە - ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان، ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە - رەسۇلۇللاھ ئەلبەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» دېگەن مەنىدىكى ئايەت بىلەن مۆئمىنلەرنىڭ ئۈلگىسى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ مۆئمىنلەرنىڭ چوڭ-كىچىك، شەخسىي ياكى ئاممىۋى ھەممە ئىشىدا ئۈلگىسى ۋە ئۆرنىكى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

بۇلارنى بىلسىڭىز ئۇنداقتا:

ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ بوي - بەستى، چىراي - شەكلى، تېرىسىنىڭ رەڭگى، چاچ - ساقاللىرى، كېيىنىشى...قاتارلىقلار ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ جامائەت نامىزىدىن تاشىقىرى ئوقۇغان نامىزى ، تۇتقان روزىسى، خەير ئېھسانلىرى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، ئولتۇرۇپ قوپۇشى، يېمەك - ئىچمەك، سۆزلەش ئادىتى، نېمىلەرنى كىيگەن، نېمىلەرنى ياخشى كۆرۈپ يېگەنلىكى قاتارلىقلار ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ يېيىش - ئىچىش، كىيىنىش ۋە مۇئامىلىدىكى سەممىي، كىچىك پېئىل، ئاددىي ساددىلىقى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئائىلىسى، ساھابىلىرى، خىزمەتچىلىرى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنىڭ قايسى شەكىلدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

بۇ ئۆرنەك زات ھەققىدە ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپ توپلانغان سەھىھ ھەدىسلەردىن مەلۇمات ئالماقچى بولسىڭىز مەزكۇر كىتاپقا مۇراجىئەت قىلىڭ.